

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

1
1993



ئۇيۇسۇم غەيرەت مۇھەممەتنىڭ فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

42 - يىل نەشرى 1993 - يىل 1 - سان (ئومۇمىي 200 - سان)

# بۇ سانىدا

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ............ جۈرئەت كامىل 2

## مۇھاكىمە

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت .................. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 3

## ئوقۇرمەنلەرگە جاۋاب

«مەدەنىيەت» ئاتالغۇسى ھەققىدە .................. مۇھەممەت زۇنۇن 34

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئەدەبىي ئاخباراتلار ........................ ئەختەم ئۆمەر 36

توك كېتىدۇ ............ (شېئىر) ............ ئابدۇللا ساۋۇت 58

تەسىرات دېڭىزىدىن تامچىلار .................. ياسىنجان سادىق 60

مەھمۇت سىدىق، تەلئەت جېلىل كەنجى، مۇھەممەت خېۋىر

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

پايتەختتىكى مۇقام تەنتەنىسى .................. ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن 72

## ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جوۋالدۇز

ئەجدادلار ھېكمەتلىرىدىن ................................ 77

مۇقاۋىدا: ئۇزىتىش (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان.

رەسسام ۋە خەتتات: ئابدۇشۈكۈر كېرىم، ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان).

گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قۇربان مامۇت، ساتتار توختى

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

## ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدا بىر قاتار تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتگورۇپپىسى ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇردا مۇنۇلار بەلگىلەندى:

ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، نازارەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئۆمەك باشلىقلىرى ئاشكارا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھۆددىگە ئېلىش توختام تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. خادىملارنىڭ مۇۋاپىق تۈردە ئالمىشىپ تۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. سەھنىدە ماھارەت كۆرسىتىش خىزمىتى بىلەن ماسلىشالمىغان ئارتىسلارغا قارىتا كەسپىنى ئۆزگەرتىش ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن دەم ئېلىشقا چىقىرىش سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى تەكلىپ قىلىنمىغان ئارتىسلارنىڭ خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىشىگە، خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. كەسپىي جەھەتتە مۇئەييەن ماھارەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە داڭلىق ئارتىسلارنىڭ ئىجادىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلىدۇ.

سەنئەت ئۆمەكلىرى بازارغا يۈزلەندۈرۈلۈپ، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىن تىجارەت خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. شارائىتى يار بەرگەن ئۆمەكلەر تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئويۇن قويۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى ئۆزى باقىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئۆمەكلەردە كۆپ خىل تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئوخشاش بولمىغان تۈزۈلمىلىك ئويۇن قويۇش گەۋدىلىرى قۇرۇلىدۇ. ئۆمەكلەر ھۆددىگە ئېلىش، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش ئارقىلىق ئويۇن قويۇپ پۇل تاپسا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىللە، جايلىشىشى مۇۋاپىق بولمىغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەڭشەپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، بىرلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت فوندى تەسىس قىلىنىپ، ئىجادىيەتنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلار ۋە ئارتىسلارغا يەنىمۇ ئىلھام بېرىلىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇش شىركەتلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، تۈرلۈك ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى قوشۇمچە قىلىنغان ئويۇن قويۇش بازىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، سودا خاراكتېرىدىكى ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

جۈرئەت كامىل






ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

I

«سۇمۇرغ مېنى جاۋاھىرلار غارىغا ئېلىپ كىردى. قولۇمغا «جامانامە» ئەينىكىنى ئالدىم. كۆزۈمگە قىزىل يۇلغۇنلۇق يولدا مەرۋايىتتەك تىزىلىپ كېتىۋاتقان تۆگە كارۋىنى كۆرۈندى...»

— «جامانامە»دىن

80 - يىللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى سەمەرقەندتىكى «ئۇلۇغبېك رەسەتخانىسى» تەسۋىرلەنگەن ئالبومنى قولۇمغا تۇتۇپ، چوڭـ قۇر خىيالغا چۆكتۈم. تەسەۋۋۇرۇم بوشلۇقىدا ئالتۇن قاناتلىرىنى دالا گۈلخانلىرىنىڭ ئا- تەش ئۆركەشلىرىگە ئۇرۇپ قايتا تۇغۇلغان سۇمۇرغنىڭ جەسۇر ئوبرازى چاقناپ، ئۇنىڭ خۇش بېشارەتلىك كۈلكە ئاۋازى ياڭرىغان- دەك بولدى. بەئەينى جالالىددىن رۇمى ئېيتقان- دەك: ئەقىل مەنتىقە بىلەن يەكۈنلىيەلمەيدىغان



بىر ھەقىقەتنى قەلبىم مۇھەببەت بىلەن ئالدىن ھېس قىلغاندەك، ئۈمىدۋار بىر ئىللىق روھىيەت ۋۇجۇدۇمنى شېرىن لەرزىگە سالدى. كۆز ئالدىمغا بىرەر يېڭى ئىختىرا قىلىنغان يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى يېڭى ئىقبال — ئانا يۇرتۇمنىڭ ئىزگۇ گەۋدىسى ئۈستىگە، چېچەكلەن ئەنقا قۇشىنىڭ شولىسى جىلۋىلەندى، بىردىنلا ئەقلىمگە كەلدىم: «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ!»

مەن شۇ ماۋزۇدىكى ماقالىنى ئىككى يىل كېچىككەندە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىدىم. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «كاساندىرا (رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئالدىن بىلگۈچى — مۇھەررىردىن) نىڭ جۆيلىشى» ھېسابلانغان بۇ ھۆكۈم، مانا 1992 - يىلى سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان خەلقئارا يەرمەنكە يىغىنى ئارقىلىق رېئال تارىخنىڭ تۇنجى سەھىپىسى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

ھەئە، شۇنداق! نەچچە ئەسىر «ئەسھابۇلكەھف» دەك ئۇخلىغان «يىپەك يولى» روھى ئويغاندى. مىلادىدىن ئىلگىرى ياۋروپا - ئاسىيا بوشلۇقىدا جەۋلان قىلغان «يىپەك يولى» سۇمۇرغى قايتا قانات قاقتى. تارىخ ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئىراسىغا قەدەم قويدى!

ئېلىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋېتىش، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىنى تەخىرسىز يولغا قويۇش سىياسىتىگە ئۇل سالغان ھازىرقى زامان ئېگى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى شەرق - غەرب ئالاقىلىرىنىڭ يىپەك يولى ئوتتۇرا ئۆتكىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇز قاتلىمىنى ئېرىتىۋەتتى. زامانىۋى تاشيول، ياۋروپا - ئاسىيا ئىككىنچى تۆمۈر يولىنىڭ پائالىيەتكە كىرىشى، ھاۋا قاتنىشى كېلىشىملىرى بىلەن تېلېگراف - تېلېكس ئالاقىلىرىنىڭ قايتا جانلىنىشى قۇم بارخانلىرى ئىچىگە غەرق بولغان قەدىمكى يىپەك يولى خارابىلىرى ئۈستىدە يېڭى يىپەك يولىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىگە نامايەندە بولدى! ئالەم زۆرۈرىيەتلىرى شۇنى تەقەززا قىلدىكى، بۇ ئۇلۇغ ۋە بۇ مۇقەددەس تارىخىي يۈزلىنىشنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس!

قەدىمكى رىم ئالىمى لۇكرېتسۇس ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇشىنى تۇنجى قېتىم «كونا تاشقورال دەۋرى» دەپ ئاتىدى. بۇ قاراش XIX ئەسىردە قوبۇل قىلىندى. 1865 - يىلى جون. لوبىك «كونا تاشقورال (پالېئولېتىك) دەۋرى»، «يېڭى تاشقورال (نېئولېتىك) دەۋرى» ۋە مىس (برونزا)، تۆمۈر قوراللىرى دەۋرى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1877 - يىلى ئامېرىكىلىق قەدىمكى تارىخ تەتقىقاتچىسى مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىنسانىيەت تارىخىنى «ياۋايىلىق دەۋرى»، «ۋارۋار (نادان) لىق دەۋرى»، «سىۋىلىزاتسىيە دەۋرى» دەپ ئۈچكە بۆلگەن، ئالدىنقى ئىككى دەۋرنى جون. لوبىكنىڭ «كونا تاشقورال دەۋرى» بىلەن «يېڭى تاشقورال دەۋرى»-گە تەققاس قىلغان، تۆمۈر ۋە دۆلەت پەيدا بولغاندىن كېيىنكى دەۋرنى «سىۋىلىزاتسىيە دەۋرى» دەپ ئاتىغانىدى.

مەن يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخىنىڭ ئۈچىنچى ئىراسىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ قارايمەن. بۇ، ئاساسسىز ئېيتىلغان ئەمەس، ئەلۋەتتە!

مىنىڭچە، ياۋروپا - ئاسىيا - ئافرىقىدىن ئىبارەت «كونا قىتئە»لەردە مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى باشلانغان ۋە يېقىنقى زامان تەسۋىرى ئىبارىسى بويىچە «ئۇلۇغ يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى كارۋان ئالاقىلىرىدىن بۇرۇن ئىنسانىيەت ئۈزۈندۈك ئەڭ دەسلەپكى شەرق - غەرب يۈرۈشىنى باشلىغان. ھازىرغىچە، قىسمەن ئەپسانە ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ كەتكەن، قىسمەن ئاسىيا، ياۋروپا، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىيا - غار سىزمىلىرى، ھىندىستان ئىمپېرىيىلىرىدىن قالغان پىرامىدا ۋە قەدىمىي خارابىلىرى شەكلىدە ئىزاھسىز تىلسىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان «غەيرىي رەسمىي تارىخ» ئەنە شۇ ئەڭ قەدىمكى شەرق - غەرب مەدەنىيەت قانىلىنىڭ تارىخىي شاھىدى ھېسابلىنىشى لازىم.

قەدىمكى سىبىرىيە كىشىلەر نەزەرىدە ئاللىقانداقتۇ «بوش ماكان»، «ئورمان پادىشاھلىقى» بولۇپ تۇرماقتا. بىز ئەگەر بۇ ماكانىنىڭ 10 مىڭ يىل، ھەتتا تېخىمۇ يىراق زامانلاردىكى «غەيرىي رەسمىي تارىخ»ىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ھەرىكەتچان ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئالىقاچان شەرق - غەرب سەپىرىنى باشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھازىرقى ئورال - ئالتاي تىل تۈركۈمىدىكى خەلقلەرگە تۇرمۇش ئادىتى، فولكلور — ئەپسانىلىرى، سەنئەت رېتىملىرى ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمكى سىبىرىيىلىكلەرنىڭ بىر قىسمى تەخمىنەن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاسىيا بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئىككى تۇمشۇقى — «ئۇزۇلۇش» ۋە «ئۇزۇلدى» ئارىلىقىدىكى تۇتاش مۇزلۇق ئارقىلىق ئالياسكا ۋە شىمالىي ئامېرىكا، كېيىنچە جەنۇبىي ئامېرىكىغا ئۆتكەن. ئۇلار مايمۇنسىمان ئىنسان ئىزى تېپىلمىغان بۇ زېمىندا ئۇزاق سوزۇلغان ئىپتىدائىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھىندىستانغا بارىمەن دەپ «ئوتلۇق يەر» بوغۇزىدا توختىغان بولغان كولومبو تەرىپىدىن ناتوغرا ھالدا «ھىندىئان»لار دەپ ئاتالغان. ئۇلار غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ قىرغۇچى ۋە قۇللاشتۇرغۇچى ھەربىي يۈرۈشلىرىدە خانىۋەيران بولۇشتىن ئىلگىرى ئاجايىپ «ئولمېك مەدەنىيىتى»، «تىئوتىۋاكان مەدەنىيىتى» قاتارلىق مەدەنىيەت تىپلىرىنى ياراتقان. مىسىر پىرامىدىلىرى سىياقىدىكى ئۇلۇغۋار ھەم سىرلىق «تەڭرى ماكان — تىئوتىۋاكان» پىرامىدىسى بىلەن فرانسىيىدىكى مەشھۇر ئالتامىرا غار سىزمىلىرى، ئىسپانىيىدىكى راسكو غار سىزمىلىرى، يېقىندىلا فرانسىيىنىڭ مارسېل شەھىرى يېنىدىكى كىچىك دېڭىز قولتۇقىدىن تېپىلغان سۇ ئاستىدىكى غارغا سىزىلغان رەسىملەر ئەنە شۇ ئەڭ قەدىمكى، ئەمما تېخى سىرى يېشىلمىگەن شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى پائالىيەتچان مەدەنىيىتى، مېنىڭچە، مۇشۇ قانال ساھىلىگە كۆمۈلگەن. ئۇ، مۆجىزە شەكلىدە ئېچىلغۇسى ۋە بىزنىڭ قاتمال تارىخىي قاراشلىرىمىزغا يېڭى مەنزىرە، يېڭى ئوزۇق بېغىشلىغۇسى.

بۇ بىرىنچى مەدەنىيەت ئېراسىنىڭ كېيىنكى سەھىپىسى سومېر - ئاندىرونوپ - ئارى تۈركۈمىنىڭ، سىكتاي - ساك قەبىلىلىرىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 - يىللىرىدىن تاكى 1000 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە - شەرقتە كۆكفوزى، غەربتە سوقرات ئالەمگە كەلگىچە ئۆتكەن دەۋرلىرىگىچە داۋاملاشقان. ۋەھالەنكى، چىن - خەن ئىمپېرىيىلىرى، گرېتسىيە - ئاخمانىيلار ئىمپېراتورلىرى غەرب ۋە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، «ئۇلۇغ يىپەك يولى» بەرپا بولغىچە ئۆتكەن بۇ بەھەيۋەت مەدەنىيەت باسقۇچىمۇ تېخى يورۇتۇلمىغىنى يوق!

رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان، تەخمىنەن مىلادىدىن 5 — 6 ئەسىر ئىلگىرى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، XV - ، XVI ئەسىرگىچە ئىككى مىڭ يىلچە داۋام قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىنى مەن شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئىككىنچى تارىخىي ئىراسى دەپ قارايمەن.

ئاتنى «جاھانكەزدى» ۋاستە قىلغان، ئەڭ قەدىمكىي «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ياراتقان خەلق ئەڭ دەسلەپكى شەرق - غەرب ئالاقىلار لىنىيىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، تۆگىنى «جاھانكەزدى» ۋاستە قىلغان، قەدىمكىي «يىپەك يولى مەدەنىيىتى»نى شەكىللەندۈرگەن يېڭى شەرق - غەرب ئالاقىلىرى باشلاندى. ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن داۋام قىلغان بۇ قايناق ئالاقە يولى ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، دېڭىز - ئوكيان قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يېڭى قىتئەلەرنىڭ بايقىلىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن چۆلدەرەپ قالدى. نەتىجىدە، شەرقتىكى قەدىمكىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرى تەدرىجىي سوۋۇپ، ئۇنىڭ مۆجىزىدار يادىكارلىقلىرى خارابىغا ئايلاندى. ئەينى يىللاردىكى قايناق مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ مەركىزىدە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ بارا - بارا تەبىئىي يۇسۇندا يىپەك يولىنىڭ سىمۋولى بولغان چۆل كېمىسى تۆگىنىڭ خاراكتېرىگە ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىشنى ئامان - ئېسەنلىك بىلىدىغان تۆگە قۇشىنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاپ قالدى.

مانا ئەمدى «قاناتلىق تۆگە» ئوبرازىنى سىمۋول قىلغان شەرق - غەرب ئالاقىلىرىنىڭ ئۈچىنچى تارىخىي ئىراسى باشلاندى. ھەر بىر ئالاقىلار ئىراسىنىڭ ئۆز ئەپسانىلىرى، رىۋايەت - لېگېندىلىرى، ھېكايە - داستانلىرى، ئەقىدە - ھېكمەتلىرى بولغىنىدەك، ئۈچىنچى ئىرامۇ ئۆز سەھىپىلىرىنى ئۆز زامانىغا مۇناسىپ لېگېندە ۋە ھېكمەتلەر بىلەن بېزەندۈرگۈسى. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» — ئىككىنچى ئىرانىڭ — يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ غەربىي دىياردا بىنا قىلغان مۆجىزىدار خەزىنىسىدىكى خۇددى ئەنقا تۇخۇمىدەك توققۇز گۆھىرىدىن ئىبارەت.

## 2

«يولدا تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلىگەن مىللەت مەدەنىيەتتە ئىلگىرى كەتكەن مىللەتتۇر.»

— «خىيال دەپتىرى» دىن

«يىپەك يولى»دىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ بىرىنچىسى، يول ۋە سىرتقى تىجارەتتىن ئىبارەت. يىپەك يولى — ئۆز زامانىسىدىكى سان - ساناقسىز تۇرمۇش رىتىملىرى، ھېسسىيات دولقۇنلىرى، تەپەككۇر ئېقىملىرى، تاغ - جىلغا، يايلاق - بوستان قاتناش ئىزلىرى بىلەن سەپەر مەنزىلگاھلىرى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان ئەڭ ئۇلۇغ قانال سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

يىپەك يولى قەدىمكىي ئاتلىقلار مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى يايلاق - دالا يوللىرىدىن پەرقلىق ھالدا قەدىمكىي ئىمپېرىيىلەر، شەھەر - قەلئە مەملىكەتلىرى بويلاپ سوزۇلدى. چۆل - جەزىرە ۋە بوستانلىقلار ئۇنىڭ مېلودىيىسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ خۇددى چالغۇ تارلىرىغا ئوخشاش، ئىككى مىڭ يىللىق شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ گارمونىك ئاھاڭىنى چېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ قانال ئىدى.

يىپەك يولىنى ھەرقايسى مىللەت خەلقى ئاچقان. ئۇنىڭدا كارۋانكەش سودىگەرلەرنىڭ

تۆھپىسى لەشكەر تارتىپ، جەڭ سوتتۇقلىرىنى ياشراتقان پادىشاھ — سەركەردىلەردىن ئارتۇق بولدى. ھەسەل ھەرىسى بىلەن رەڭدار كېپىنەكلەردەك گۈلدىن گۈلگە قونۇپ، بەرگ جامىدا شەبنەم ئىچكەن كارۋانكەش سودىگەرلەر شاراپىتىدىن يىپەك يولىدا ماددىي مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، ھەزىم قىلىپ تۈگىمەس - تۈگىمەس مەنىۋى مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى ئالمىشىپ تۇردى. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بولمىش ۋە ئېلىمىز مەنبەلىرىدە «خوجا» ([illegible]) دەپ ئاتالغان بۇ سودىگەرلەردە ئىككى ئالاھىدىلىك بولغانىدى:

ئۇلار ئۆز ماكانىدا يېتىلمىگەن دۇكان - سارايى ئاچىدىغان ھۆپىگەر تىجارەتچىلەرگە قارىغاندا يۇرتمۇ - يۇرت، قەلئەمۇ - قەلئە، تاغمۇ - تاغلاردىن ئېشىپ خەلقئارا ئالاقىنىڭ ئۇلۇغ تۇتقۇلىسىغا ئاياق بىلەن ئۆرۈش تارتاتتى. ئۇلار يىراق ئەجدادلىرى — ئارىئان - سكىتاي- ساكلارنىڭ «جاھانگەزدى» ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرقنى غەربكە، غەربنى شەرققە «يۆتكەپ كېلىش» جەريانىغا ئۆلمەس تۆھپە قوشتى. ئۆز ماكانىدا رەستە قۇرۇپ، دۇكان- سارايى ئاچقان تىجارەتچىلەر بۇ تۇتقۇلىغا كۆڭۈل چەكتى.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى، ئۇلار ئەينى زامان مەدەنىيىتى ۋە ممللىي ئۆرپ - ئادىتىگە تويۇنغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن مەدەنىيەت ئارقاتقۇچىلار بولغان. ئۇلار سودىدا كەلگەندە «قىلنى قىرىق يارغان» بىلەن دوستانىلىق، مېھماندوست- لۇق، ساخاۋەتكە كەلگەندە «ئالتۇن چاچقۇ چاچىدىغان» مەردانىلاردىن ئىدى.

يىپەك يولى تۆپەيلى قەدىمكي غەربىي دىيار ئاددىيغىنە يايلاق ياكى بوستان مەدە- نىيىتى رايونى ياكى يېزا ئىگىلىكى رايونى بولماستىن، بۇ خەلقئارا سودا - تىجارەتنى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىكى — ھۈنەر سەنئىتى - چارۋا ئىگىلىكى دىيارى ئىدى. ئاددىي يىپەك - مەشۇتقا سكىتاي - ساك ئالتۇنپەزلىرى ئەنئەنىسى بىلەن ئىش قوشۇپ «زەرھەل»، «كىمخاپ» قىلىپ، يىراق رىم - مىسر دىيارىدا يۇقىرى باھادا ساتقان «خوجا» كارۋانلىرى تۆپەيلى غەربىي دىيار خەلقى ئۈچ ئامەتكە ئىگە بولغانىدى:

ئۇنىڭ بىرى، تەكلىماكان ئەتراپىدا ھەشەمەتلىك ئوردا شەھەرلەر، خەلقئارا ئالاقە تۈگۈنلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەينى زاماندا رىم، باغدات، چاڭئەن، لوياڭ شەھەرلىرى ئۇلار بىلەن ھۆسۈنداش بولدى. ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى ئوكيانلار ساھىلىدا «ئايغا تاقاشقان بىنالار» بىلەن بېزەلگەن ھازىرقى پورت - شەھەرلەر بولمىغان.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، غەربىي دىيارلىقلار ئۆز دەۋرىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي سەۋىيىسىدە ئالدىنقى قاتاردا — نىسبىي مەنىدە پاراۋان ۋە مەئىشەتلىك تۇرمۇشتا ياشايتتى. بىز تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەتلىك پايتەختىدە ھەشەمەتلىك ئوردا ئالپتلىرى غەربىي دىيارلىقلارنىڭ كىيىنىش - ئارىنىش (ھەتتا گۈللۈك بۆك كىيىش)، زىبۇ - زىننەت، ئۆي - روزىغار، تاماقلىنىش، ئاتقا مىنىش، سەنئەت مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىغانلىقىنى ھېچقانداق غەيرىي نورمال ھادىسە دەپ قارىمايمىز.

ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، غەربىي دىيارلىقلار ئۆز دەۋرىدە نەمۇنىلىك مەدەنىيەت مۆجىزىسى ياراتتى. ئەگەر غەربىي دىيار «خوجا» — سودىگەرلىرىنىڭ خەلقئارالىق سودا كىرىمىگە يۆلەنمىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئەقلىمىزنى لال قىلىۋاتقان مۇنداق زور ھەجىمدىكى غەربىي دىيار تاش كېمىر سەنئەت قەسىرلىرى تىزمىسىنى يارىتالمىغان بولاتتى. مەلۇمكى، شىمالىي ۋېي دەۋرىدە پۈتۈن ۋېي خانلىقىنىڭ ئاساسلىق مالىيىسىنى سەرپ

قىلىپمۇ بىرقانچىلا تاش كېمىر سەنئەت سارىيىنى سالالىغانىدى. قاراخانىيلار، كېيىنچە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ بىنارلىق مۆجىزىلىرىمۇ (ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپى ساقلانمىغان) خەلقئارا سودا ۋە ئىقتىسادىي جۇغلانمىدىن ئايرىلمىغان. بۇ، ھەربىي دىيارنىڭ ئەينى زاماندا خەلقئارا سودىنى باش بولاق كۆزى قىلغان ئىقتىسادىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يىپەك يولى ۋە خەلقئارا سودا - تىجارەت تۈپەيلى پوچتا، بېكەت، قانۇن ۋە پۇل مۇئامىلىسى تارىخقا كىرىپ كەلدى. قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ تاللىنىشى ۋە مۇقىملىشىشى، غول ۋە تارماق يوللارنىڭ تىزما ھاسىل قىلىشى بىلەن خەت - ئالاقە كارۋانچىلىقى- پوچتا، «خۇرجا قونداق» — بېكەت - مەنزىلگاھلىرى مەيدانغا چىقتى. يول بىخەتەرلىكى، سودا كارۋانلىرىنىڭ تۇركۈملىشىشى، قاراقچىسىزلاشتۇرۇش، قورۇل بېجى، قورۇلدىن ئۆتۈش يول خېتى، جازا قانۇنى قاتارلىق زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى ئىقتىسادىي ئىگىدارچىلىق مەزمۇن قىلىنغان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى راۋاجلاندى. يىپەك يولى ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى پۇل مۇئامىلىسى، ئاقچا ۋە ئالتۇن - كۈمۈش تەركىبى مەسىلىسىنى مەركىزىي ئورۇنغا قويدى. يىپەك يولى بويىدىكى ھەرقايسى ئەللەر مېتال پۇللىرىنىڭ شىنجاڭدىن كۆپلەپ تېپىلىشى، شىنجاڭدا ئەينى زاماندا قويۇلغان مېتال ئاقچىلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەر تارىخ ئىزلىرىدىن تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يىپەك يولىدىكى بىرىنچى ھېكمەت — يول ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن سودىگەرلەر گورۇھى، بېكەت - رابات، شەھەر - قەلئە، شەھەر مەدەنىيىتى، قانۇن ۋە پۇل مۇئامىلىسى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان كاتتا تېما، شۇنىڭدەك ئۇ يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشىدا ئەتىۋارلاشقا مۇناسىپ جىلۋىدار جاۋاھىرات.

3

«ئىنسان — سەنئەتنى ياراتقان تەڭرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سۇبيېكتتۇر. ھۈنەر سەنئىتى - ئىنساننىڭ ئۆسمىنى تامغا قىلىپ تۇرمۇشنى خاتىرىلەش تارىخىدىن ئىبارەت».

— «خىيال دەپتىرى» دىن

**«يىپەك يولى»دىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئىككىنچىسى، ھۈنەر سەنئىتى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت.** ئۇ، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە تۇنجى سەنئەت مۆجىزىسى شەكلىدە قىزىقىپ بېرىشىدىن تاكى ئۇنىڭ پۈتۈن ماددىي مەدەنىيەت بۇيۇملىرىغا ھۈنەر سەنئىتى چېچەكلىرى نەقىش قىلىشىغىچە بولغان سىمۋوللۇق نەفاسەت قەسرىنى ئۆز كۆكسىدە جۇلالاندۇرغانىدى.

مەلۇمكى، ئىنسان كونا تاشقورال دەۋرىدىلا ھۈنەرۋەن سۈپىتىدە گەۋدە كېرىپ تاشقى ئالەم ئوبيېكتلىرىغا نەزەر تاشلىغان. ئۇلار كېيىنچە ھەتتا يۇلتۇزلار تولغان ئاسمان سەتھىنىمۇ ھەر خىل گېئومېترىك سىزىقلار ياكى شەكلەن ئوخشاتماسلىق بىلەن «چۆمۈچ»، «تاروزا»، «چوڭ ئېيىق»، «ئالتۇن قوزۇق»، «ئوغلاق» قاتارلىق تەققاس ئىسىملار بىلەن ئاتاپ، ئۇلارغا ھۈنەر سەنئىتى سىمۋولىزمى تۈسىنى بەرگەن. قەدىمكى غار سىزمىلىرى ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلگەن.

يېڭى تاشقورال دەۋرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ھۈنەر سەنئىتى بىخ سۈرگەن ۋە باھار چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرغان دەۋر بولدى. بىز قىيا سىزمىلىرىدىن، تۇتېم قالدۇقلىرىدىن، بولۇپمۇ كۆپلەپ تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملاردىن يىپەك يولىدىن ئىلگىرى

مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرى ماھىر ھۈنەر سازلاردىن بولغانلىقىنى بىلىمىز. مەشھۇر ئاندورونوپلار مەدەنىيىتى، ئافىناشىپىلار مەدەنىيىتى، تاكار مەدەنىيىتى، قارا سۈغ مەدەنىيىتى، ئۈرۈمچى يېنىدىكى ئالغۇي قەدىمكي قەبرىگاھلىقى بىلەن ئالتاي بازىرىق، چەرچەن - لوپ زاغۇنلۇق تېپىدىكى قەدىمكي قەبرىگاھلىق قاتارلىق قەدىمكي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان ئات - ئېگەر جابدۇقلىرى، تۆرمۈش ۋە زىبۇ - زىننەت بويۇملىرى، ئالتۇن ۋە تۇچقا ئىشلەنگەن ئەۋرىشىم - قاتلىما هايۋان تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن سەنئەت دۇردانىلىرى، بولۇپمۇ ئالما-ئاتا يېنىدىكى كونا قورغاندىن تېپىلغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى ٧- ، VI ئەسىرگە تەئەللۇق سىكتاي قەھرىمانىنىڭ ئالتۇن قاسراق زەنجىردە ياسالغان نەقىشلىك جەڭ كىيىمى، دوبۇلغا ۋە خەنجىرى سىكتاي - ساك ھۈنەر سازلىقىنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى ياراتتى.

غەربىي دىيار ھۈنەر سەنئىتى توقۇش ساھەسىدە غايەت زور تارىخىي تۆھپە ياراتقان. بىز ئاددىي يۇڭ رەخت توقۇشتىن (مەسىلەن، زاغۇنلۇق قەدىمكي قەبرىلىرى)، پالاس-گىلەم توقۇش (مەسىلەن، بازىرىق قەدىمكي قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئات - تۆگە كارۋانلىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەم جىيەكلىرى بىلەن ئاتلىق يىگىت ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى نامرات كىشى كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار گىلەملەر)، تاۋار - دۇردۇن، ئەتلەس توقۇش ۋە كالۇۋتۇندا گۈل چېكىشكىچە غەربىي دىيار ھۈنەر سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى ۋە ئالەمشۇمۇل داڭقىنى بىلىمىز.

ئەتلەس، جۈملىدىن ھەر خىل گۈل نەقىشلىق كىيىملەر نۇسخىلىرى شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن كۆپلەپ تېپىلغان. بىز سەمەرقەند يېنىدىكى ئەپراسىياپ قەلئە خارابىسىدىن، پەنجىكەنت، باراھشاھ، جۈملىدىن دەندان ئۆيلۈك، قىزىل، قۇمتۇرا، شورچۇق، بېزەكلىك بۇددا تاشكېمىرلىرىغا سىزىلغان تام رەسىملىرىدىن ھەر خىل يىپەك ۋە زەرباپ كىيىملەر نۇسخىلىرىنى كۆرىمىز. بۇلار ئىچىدە ئەتلەس شۇنچە داڭ چىقارغانكى، كەييۈەن يىللىرى (713 — 742) چاڭئەندە «ئەتلەس ئۇسسۇلى» ئوينالغان. لى جۇلىڭ «بەش پارچە شاڭچىڭ نەزمىسى» دېگەن شېئىرىدا ئەتلەس ئۇسسۇلىنى مۇنداق تەرىپلىگەن:

«پۈتتى ئەتلەس نەغمىسى ئاسماندا قوزغالدى شامال،
ئۇن ۋىلايەت ئۈستىنى باستى ئىپار ئۆتمەي ھايال».

شۇي نىڭ «خۇاچىڭگۇڭ قەسرىدە دۇشىرىنگ، مۇشائىرە» ناملىق شېئىرىدا:

«ئۇچۇرۇپ ماۋۇق كەمەرنى ياڭرىسا لەرزان سادا،
تاشلابان يەڭگىل قەدەمنى ئەۋرىشىم ‹ئەتلەس› كېلۇر».

دەپ يازغان. بۇ «ئەتلەس ئۇسسۇلى»نى كۆرسىتەتتى.

غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئەتلىسى ئوتلۇق دەشتى - چۆل ۋە يېشىل بوستان مەنزىرىسىنى سىڭدۈرگەن قىلغان (烷布) بولۇپ، كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ شېئىرىغا ئىلھام بولغان. ئەلىشىر نەۋائىي ئەتلەسنى ئاسمان نۇرلىرىغا، شەپەققە ئوخشاتقان ۋە مۇنداق يازغان:

«پەلاسى ھۇزنۇمىن ئەي ئەتلەسى چەرخ،
مېڭە لايىق ئېمەس ۋالا كەماشىڭ».

(ئەي ئەتلەس توقۇيدىغان چەرختەك ئاسمان، مەن پالاستەك غەمكىنتىمەن. ماڭا

يۇمشاق موۋۋت كىيىملەر لايىق ئەمەس).

«چۈن تۈشەرلەر ئاقىبەت ئۈستۈگە خارابىرلە فەرش،
نى ئاسىغ ئاستىڭدا گەر چەرخ ئەتلەسىندۇر فىراش».

(بېشىڭغا ئاخىرى تاش ـ تۇپراق چۈشىدىغان بولسىمۇ، ئەگەر ئاستىڭدا چەرخ ئەتلىسىدىن كۆرپە سېلىنغان بولسا قورقما).

«قۇياش هامانە كۆك ئەتلەس لىباس ئەتمىش.
ۋە ياكى كىيىپتۇر ئول ئاي نىلگۈن نەسىج ئىلە نەھ».

(قۇياش هامان كۆك ئاسماننى ئەتلەستەك كىيىم قىلىۋالىدۇ، ياكى ئۇل ئاي توقۇغان نىلرەڭ يىپەك رەختنى يېپىنىۋالىدۇ).

«خارا تۇبىگە ياتقۇڭ يوق سۇد ئەگەر يۈز يىل،
كۆك ئەتلەسى ئۈستىدە جىسمىڭنى يېپىپ ئاغنات».

(يۈز يىل ئەگەر يىپەك توقۇلمىدا ياتساڭمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ مەنپەئەت يوق، كۆك ئەتلىسى ئۈستىدە جىسمىڭنى ئېغىنىتىۋالغىنىڭلا قالىدۇ).

بىز يىپەك يولى مەركىزىي ھالقىسىدا مېتال ۋە توقۇلما ھۈنەر سازلىقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئاجايىپ جەلبكار پاۋلىيۇنىغا نەزەر سالساق، ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك، مېتال توقا ـ تاسما، پىچاق ـ خەنجەر، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، باش ـ ئاياغ كىيىملىرى، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، ئاش ـ تاماق بۇيۇملىرى، ياغاچ قىرما ۋە قاشتېشى ئويمىلىرى، بىناكارلىق قۇرۇلما ۋە نەقىش ـ بېزەك ھۈنەر سازلىقى، تېرە ـ بۇلغارى ھۈنەرۋەنلىكى، مەي، مۇراببا، گۈلقەنت، ئەدرەك، پاتاسى ئىشلەش تېخنولوگىيىسىنىڭ نەقەدەر يۇرۇشلەشكەن ۋە خېرىدارلىق بولغانلىقىنى كۆرىمىز. غەربىي دىيارنىڭ چالغۇ قوراللارنى ئىشلەش تېخنىكىسى ئەزەلدىن مەشھۇر بولغان.

يىپەك يولى ئىبارىسى كېيىنكى ۋاقىتتا ئىستېمال قىلىنغان بولۇپ، بۇ يولدا شەرق ـ غەربنىڭ، جۈملىدىن غەربىي دىيارنىڭ ئات، يىپەك گەزلىمە، زەر كىمخاپ، قاشتېشى ۋە ياقۇت، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى، تېرە ـ يۇڭ، پار ـ پۇر، چاي، دورا ـ دەرمەك، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، پاختا ـ چىگىت، گىلەم ـ كىگىز قاتارلىقلار سودىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، ھۈنەرسازلىق ۋە پىششىقلاپ ئىش قوشۇش تېخنىكىسى راسا راۋاجلانغان.

يېغىلىق ـ جەنگو زامانىدا جاۋ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى جاۋئۇلىن ۋاڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 325 — 229 يىللار) قوشۇن تۈزۈش ئۈچۈن تارىختا مەشھۇر «خۇرلاردىن كىيىنىشنى ئۆگىنىش» ھەرىكىتىنى قوزغىغانىدى. خەن زامانىسىدا ئالەمپەز ئىمپېراتور لىيۇ چى غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى ۋە شىمالىي مىللەتلەر پوسۇلىدا ھەربىي ئوركېستىر ۋە چەۋەنداز قوشۇن قۇردى. شىمالىي سۇلالىلار، سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، بولۇپمۇ كەييۇەن (713 — 741) يىللىرى چاڭئەندە غەربىي دىيار مەدەنىيىتىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يۈەن جېڭنىڭ «فاچۇي» ناملىق شېئىرىدا:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئايالار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
... ... ...
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ ـ زىننەت، تىل ئۆگىنىش،

بولدى بەس ـ بەسلەك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان».

خۇارۇي خانىمنىڭ «قەسىر نەزمىسى» دېگەن شېئىرىدا:

«مىنىڭنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،

جىلۋە قىلدى بۇ لىباستا تال چۈشقەتەك بەللىرى».

دەپ يازغىنى ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ قىسمەن ئۇچۇرى ئىدى.

يىپەك يولىدىكى ئىككىنچى ھېكمەت ـــ ھۈنەر سەنئىتى مەدەنىيىتى يالغۇز ھەرقايسى ئەللەر ئېتنولوگىيە مۇزېيلىرىغا ھۆسن قوشۇپ قالماي، ھازىرقى ئۇيغۇر قاتارلىق يىپەك يولى ئوتتۇرا ئۆتكۈلىدىكى خەلقلەر تۇرمۇشىدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە مەپتۇنكار ئىستېتىك سېھرىنى نامايەندە قىلىپ كەلدى. يېڭى يىپەك يولى پۈتۈن دۇنيا بىر ـ بىرىگە ياندىشقان ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن كۆپ قاناللىق خەلقئارا ئىقتىساد ۋە بازارغا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئىشەنچ بىلەن ئېيتىش مۇمكىنكى، ھۈنەر سەنئىتى مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ يېڭى مۇمكىنلىكلىرىنى ئىشقا سالغۇسى ۋە ھۈنەر ـ سانائەتنىڭ يېڭى، ئاۋات مەنزىرىسى بىلەن ئۆز ئەنئەنىلىرىنىڭ يېڭى زامان فورماتسىيىسىنى تۈزگۈسى.

4

«ئىنسانىيەت ئۆز بەخت ـ سائادىتىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلىرىنى ئېچىش يولىدا ئاسمان جىسىملىرى بىلەن تونۇشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاسمان يورۇتقۇچلىرىنى بىلىش ھالىتى ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادەتكە قانچىلىك ئېرىشكەنلىكى بىلەن توغرا تاناسىپ بولۇپ قالدى».

ـ «خىيال دەپتىرى» دىن

«يىپەك يولى» دىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئۈچىنچىسى، تەبىئەتنى بىلىش ھېكمىتى بولدى. قەدىمكي مەركىزي ئاسىيالىقلارنىڭ ئاسترونومىيە، ھاۋارايى، جۇغراپىيە ۋە ھېساب ـ لاش قاراشلىرى ئەڭ قەدىمكي ئالەم يارىلىش ئەپسانىلىرى بىلەن بىللە يىراق ئۆتمۈشتە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانىدى. قەدىمكي قاراخان تەڭرىم، مەرگەن تەڭرى، قۇياش ئىلاھى مېترا توغرىسىدىكى قاراشلار ئۆزىنىڭ ئەپسانىۋى خاراكتېر ئالغانلىقى بىلەن يەنە ئىپتىدائىي ئالەم قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئىپتىدائىي ئالەم قاراشلىرى ئىپتىدائىي كوسمولوگىيىلىك ـ ئاسترومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىخى ھەم ئۇرۇقى بولدى. چەكسىز ئالەم بوشلۇقىنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغان قىسمى ھەردەرىجىلىك ئىلاھىيەت قاراشلىرىغا ئاساس سالغاندەك، يەنە ئاسترونومىيىلىك ساددا قاراشلارغىمۇ ئاساس سالدى.

چەكسىز زېمىندىكى سەپەر مۇساپىسىدا قۇياشقا قاراپ تەرەپلەرنى، يۇلتۇزغا قاراپ پەسىللەرنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىمال ئىپتىدائىي ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ساۋاتى بولسا كېرەك. ئۇلار 12 ئۆكەك (بۇرج) بويىچە دەسلەپكى ئاي ۋە يىلنى بەلگىلىگەن. غارلارغا ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، ئۇنىڭ بېشىغا تەكرار سىزىق ياكى چېكىتلەرنى تامغا قىلىش، ھەتتا ئاي ـ كۈن شەكلىنى چېكىش ئارقىلىق ھەر بىر يىلدا بىر قېتىم ئات قۇربانلىق قىلىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋالغانلىقىنى خاتىرىلەپ دەسلەپكى سالنامە بېكىتكەن. كېيىنچە، 12 يىلنى بىر مۆچەل بىلىدىغان، ھەر بىر يىلنى مەلۇم ھايۋان نامىدا ئاتايدىغان ئەھۋال پەيدا بولدى. بۇنداق مۆچەلدىكى 12 يىلنى 12 ھايۋان نامىدا ئاتاش ئارى ـ سومېر، سكىتاي ـ ساك ياكى تۈركىي خەلقلەر زامانىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

شامان باقشىلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇنەججىملىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋە ھەربىي يۈرۈشلەردە خان مەسلىھەتچىسى بولغان. يۇلتۇز كۆرۈش، چۈش جۆرۈش ، يادا تاش ئارقىلىق يامغۇر ياغدۇرۇش شىمالىي دىغارلار زامانىدىن تاكى يېقىنقى قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىگىچە ساقلانغان. «شەرھى ئەسامۇل مۇسلىمىن» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، «تۈرك پەيغەمبەرلىرى» دېگەن تەرىپتە «ئامان»، «ئېمىق»، «ئۇمىد»، «پۇراخ»، «تاھىن»، «تابۇي»، «كوسان»، «ئېركىل»، «ساۋان»، «سوغۇن»، «دېۋىل»، «سالاق»، «تاپقىر»، «ئانۇق»، «قىتىن»، «ئارۇن»، «ھامۇن»، «ھىجىل»، «پاسان»، «ياۋۇق»، «ياھۇر» قاتارلىق كىشى ناملىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇ بەلكى قەدىمكى شامان - مۇنەججىملەرنىڭ ناملىرى بولسا كېرەك. كابائىنخانىم قاتارلىقلار ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» ئارىسىدا ئاسترونومىيە، ھاۋارايى ۋە يادىكارلىق، پالنامىلارغا ئائىت سەھىپىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر مۇنەججىملىكىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىدىن دالالەت بېرىدۇ.

يىپەك يولى مەركىزى بەلبېغىدىكى قەدىمكى ئاھالە جەمغىرلىگەن ئاسترو - ماتېماتىكىلىق بىلىملەر شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۆلچەش - ھېسابلاش بىلىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يېڭى سېنكرتىك قاتلام ھاسىل قىلدى. ئەل خارەزمى، فەرغانى، فارابى، ئىبىن سىنا، بېرۇنى، ئۆمەر ھەييام، نەسىرىددىن تۇسى، ئۇلۇغبېك قاتارلىق ئۇلۇغۋار ئىلىم ئەللامىلىرى ئۆز پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئاسترو - ماتېماتىكىسىنىڭ ئىلمىي ئۇلىنى قۇردى. بۇ، يىپەك يولى مەركىزى ئۇچىقىدا روياپقا چىققان غايەت كاتتا ئىلمىي ھېكمەت دۇردانىسى.

ئۇلۇغ تەبىئەت ئالىمى، ئاسترو - ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ يىپەك يولىدىكى مۇبارەك ئاساسچىسى مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمى (783 - 850) ئۆزىنىڭ «ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، «ھىند رەقەملىرى توغرىسىدا رىسالە»، «تارىخ ھەققىدىكى رىسالە»، «يەر شەكلى كىتابى»، «ترىگىنومېترىيىلىك جەدۋەللەر»، «قۇياش سائىتى بويىچە رىسالە»، «مۇزىكا توغرىسىدا رىسالە»، بولۇپمۇ ئالگېبراغا ئاساس سالغان «ئالجەبر ۋە مۇقابەلە» ناملىق ئەسەرلىرى، خەلىپە مەمۇن دەۋرىدىكى «بەيتۇل ھېكمە» ئاكادېمىيىسىدىكى ئىلمىي ۋە تەلىم خىزمىتى بىلەن مەركىزى ئاسىيا خەلقىنىڭ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئەڭ نازۇك ئىلمىي تۆھپىلەر قوشقان ئۇلۇغ نامايەندىسى بولدى.

ئەھمەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل فەرغانى (؟ - 861) قەشقەرغە يېقىن فەرغانىدا تۇغۇلۇپ، خەلىپە مەمۇن ئاكادېمىيىسىدە، كېيىنچە مىسىردا ئاسترو - ماتېماتىكا ۋە ئۆلچەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «كىتابەتى ئۇسۇل ئىلمۇل نۇجۇم»، «ئالماگىستاغا بېغىشلانغان پەلەكىيات رىسالىسى»، «پەلەك چەمبەرلىرى سەۋەبىياتى»، «ئەلمەجەستى ھەققىدە»، «ئىلمۇل خەيە (پەلەك ئىلمى)»، «ئەل فەرغانىنىڭ جەدۋەللىرى»، «ئاي يەرنىڭ ئۈستىدە ۋە ئاستىدا بولغاندا ۋاقىت ئېنىقلاش رىسالىسى»، «ئۇستۇرلاپ بىلەن ئەمەل قىلىش كىتابى»، «يەتتە ئىقلىم ھېسابى»، «ئۇستۇرلاپ ياساش ھەققىدىكى كىتاب» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئامېرىكا، رۇسىيە، مىسىر، ھىندىستان، ماراكەش، گېرمانىيە، فرانسىيەلەردە ساقلانغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى 1145 -، 1175 -، 1193 -، 1533 -، 1537 -، 1590 -، 1910 - يىللىرى ئىئوننانسۇل، فېرارد كرېمون، گوۋل، رېگئومونتان، شيونىر، خرىستمان، كامپانى، روزېنفلىد، دوبروۋىسكىي، سېرگىيېۋ، ۋىدېمان قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن

ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئەبۇ نەسىر فارابى (870 - 950) «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى»، «شەرھى ئەل مەجەستى»، «كىتابۇل لەۋھىق»، «ئېۋكلىدنىڭ 1 - ۋە 5 - كىتابلىرىدىكى قىيىن مەسىلىلەرگە شەرھى»، «گېئومېترىيەلىك نازۇك شەكىللەر توغرىسىدىكى كىتاب»، «يۇلتۇز ھەققىدىكى سۆھبەتتە توغرا ۋە ناتوغرىلىق ھەققىدە رىسالە»، «ئارىفمېتىكا مۇقەددىمىسى»، «تەسەۋۋۇرلۇق گېئومېترىيىگە مۇقەددىمە»، «بوشلۇق ۋە مىقدار»، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئەڭ كاتتا تەبىئەتشۇناس - پەيلاسوپلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا (980 — 1037) فارابى ناتورال پانتېئىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى، بۈيۈك «شەيخۇل رەئىس» تىبابەتشۇناس بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ ئەللائۇددەۋلەنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن بىر مەزگىل ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللاندى.

ئىبىن سىنا ئۆزىنىڭ «كىتابۇششىفا»، «دانىشنامە»، «كۆزىتىش ئەسۋابى ياساشتا ئەۋزەل ئۇسۇل كىتابى»، «يەرنىڭ ئالەم مەركىزىدىكى ھالىتى»، «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ كۆرۈنمە مۇساپىلىرى»، «يورۇتقۇچىلارنىڭ كىچىكلىك كۆرۈنۈشى ھەققىدە»، «ئاسمان سىفىراسى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆي - ماكانلىرى»، «شەمس ۋە قەمەرى يىل پەسىللىرىنىڭ ھەمدە كېچە ۋە كۈندۈز زامانلىرىنىڭ قانۇنىيىتى»، «يۇلتۇزلار ھۆكۈمىنىڭ رەددىيىسى»، «جۇرجان شەھرى ئۇزۇنلۇقىنى تۈزىتىش ھەققىدىكى رىسالە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مېخانىكا، مۇزىكا مەسىلىلىرى توغرىسىدا كەڭ توختالغان.

ئەبۇل ۋاپا ئەل بۇزجانى (940 - 998) خۇراساندا تۇغۇلۇپ، باغداتتا كاتتا ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم بولۇپ تونۇلدى. ئۇ «ئارىفمېتىكىغا مۇقەددىمە»، «ئارىفمېتىكا ھەققىدە رىسالە»، «ئاسترونومىيىگە مۇقەددىمەل كىتاب»، «ئاسمان سىفىراسىنىڭ چوڭ ئايلىنىشىنى ئېنىقلاش ھەققىدە كىتاب»، «ئەل مەجەستى»، «دىئوفانت ئەسىرىدىكى جۈملىلەرنى ئىسپاتلاش ھەققىدە كىتاب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئىبىن سىنا ۋە بېرۇنىنىڭ بۇ زاماندىشى بېرۇنى بىلەن كېلىشىپ باغدات ۋە خارەزمدە ھىجرىيىنىڭ 387 - (مىلادى 997) يىلقى ئاي تۇتۇلۇشىنى بىللە كۆزەتكەن.

خارەزملىق ئەبۇئابدۇللا مۇھەممەد ئىبىن ئەھمەد ئىبىن يۈسۈپ كاتىب خارەزمى مىلادى 990 - يىلى يازغان «مەفاتىھۇل ئۇلۇم» (ئىلىم ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرىدە ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ھەققىدە توختالغان.

خۇجەندلىك ئەبۇمەھمۇد ھەمىد ئىبىن قىدىر ئەل خۇجەندى X ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ ئاسترونومى ۋە ماتېماتىكى بولغان. ئۇ رەيدا فەخرۇد دەۋلە (977 — 996) سارىيىدا ئىلمىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئېۋكلىدنىڭ ئېغىشى ھەققىدە»، «ئۇستۇرلاپنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە»، «ئاسترونومىيە قانۇنى»، «فەخرى سېكستانتى» (فەخرۇد دەۋلەگە ئاتالغان ئاسترونومىك ئەسۋاب) قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان. يايى شەكىللىك سېكستانت نۇسخىسى ئۇلۇغبېك رەسەتخانىسىدىمۇ ساقلانغان.

خارەزملىق ئەبۇ رەيھان بېرۇنى (973 — 1048) ئەينى زاماندا خارەزمدىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەر ئەنئەنىسى بويىچە «بېرۇنى» (سىرتتىن كەلگەن) نامىدا ئاتىلىپ ئادەتكە

ئايلانغان. ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبىن ئەھمەد بىرۇنى «گېئودىزىيە»، «فارماكوگنوزىيە»،
«ھىندىستان»، «مىنىرالوگىيە»، «يۇلتۇزلار ھەققىدىكى بىلىمگە مۇقەددى-
مە»، بولۇپمۇ «قانۇن مەسئۇد» ناملىق قامۇسىي ئەسەرلەر يازغان. ئۇ پەلسەپە جەھەتتە
ئارىستوتېل ۋە فارابىغا ئەگەشكەن. ئەسەرىنىڭ دېموكرت ئاتوم تەلىماتىنى روھانىيلەش-
تۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئاتومنىڭ ماددىي جىسىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھەقىقەتنىڭ
ئۆلچىمى نوپۇز دېگەن قاراشنى رەت قىلغان ۋە نوپۇز — ئىلىمنىڭ نوپۇزى، دەپ تەكىت-
لىگەن. پەندە تەجرىبە ۋە مۇھاكىمىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭ
ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىگە قوشقان تۆھپىلىرى يەر مەركەزلىك (گېئوسېنتىر) قاراشلىرى-
نىڭ ئۇلىنى تەۋرەتكەن.

ئۆمەر ھەييام — غىياسىددىن ئەبۇلفەتىھ (1040 — 1123) نىشا پۇردا تۇغۇلۇپ، خۇراسان
ۋە ماۋرا ئۇننەھىردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەپەككۇر - شائىر ۋە ئاسترونوم ئىدى.
ئۇ سالجۇق تۈرك شاھلىرىدىن مالىك شاھ ھوزۇرىدا، ۋەزىر نىزام مۇلىك ھامىلىقىدا
«مالىك شاھ ئاسترونومىيىلىك جەدۋىلى»نى ئىشلەپ، سالجۇقلار كالىنىدارىنى تۈزگەن.
ئۇ «ئالگېبرا ۋە ۋەلمۇقەبەلە ۋەزىپىلىرىنى ئىسپاتلاش ھەققىدە رىسالە»، «ئېۋكلىدنىڭ
مۇقەددىمىلىك كىتابىدىكى قىيىنچىلىقلارغا شەرھى»، «ئارىفمېتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەر»
قاتارلىق ئەسەرلەر يازغان. ئۆمەر ھەييام ئۆز رۇبائىيلىرى ئارقىلىق كوسمولوگىيىلىك
چۈشەنچىلىرىنى ئىنسان تۇرمۇشى قاراشلىرى بىلەن قايتا يۇغۇرۇپ، زامانىسىنىڭ ئىنسان-
پەرۋەر ئىدىيىلىرىنى جۇلالاندۇرغان.

چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاچى يۈرۈشلىرى تىنجىغاندىن كېيىن خانبالىقتا (بېيجىڭدا)
جامالىددىن ناملىق ئۇيغۇر مۇنەججىمىنىڭ شۆھرىتى شەرق ئاسمىنىنى قاپلىغانىدى.

ھىلاكۇخان دەۋرىدە ياشىغان خۇراسانلىق ئالىم ئابدۇجاپپار مۇھەممەد ئىبىن ئەل-
ھەسەن نەسرىددىن تۇسى (1201 — 1274) ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرى قەسرىدە ئاس-
ترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ «ئېۋكلىدنىڭ مۇ-
قەددىمىسىگە شەرھى»، «پېتولمىنىڭ ئەلمەجەستىگە شەرھى كىتاب» قاتارلىق ماتېماتىكىغا
دائىر 12 كىتاب يازدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاسترونومىيىلىك داستان» ناملىق شېئىرىي
ئەسىرىمۇ بار. نەسرىددىن تۇسى «ئىلخان ئاسترونومىيە جەدۋىلى»نى ئىشلەپ چىققان ۋە
مارغى رەسەتگاھىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئەسلىددىن، پەخرىددىن ۋە سەدرىددىن
قاتارلىق ئۈچ ئوغلىمۇ مەشھۇر ئاسترونوملاردىن بولغان.

تۆمۈرىيلەردىن مۇھەممەد تاراغاي ئۇلۇغبېك (1394 — 1449) يىپەك يولى ئاسترو - ماتې-
ماتىكا ئىلمىدا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ تەبىئەتشۇناس سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى.
ئۇنىڭ ئاسترونومىيىلىك ئىلمىي كوللېكتىپى — ئەلى قۇشچى، كېيىنكى زامان ئالىم-
لىرىدىن جەمشىد قۇشچى، ئالائىددىن قۇشچى ئۇشبۇ ئىلمنى ئۇلۇغبېك يەتكۈزگەن مۇ-
قامغا يەتكۈزەلمىدى.

ئۇلۇغبېك ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي مەكتىپى «تۆت ئۇلۇس تارىخى»، «ئارىفمېتىكا رىسالىسى»،
«ئاسترونومىيىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا تەپسىلات»، «ئاساسىي فىگورىلار ھەققىدە تەپسىلات»،
«سىنوس ھەققىدە رىسالە»، بولۇپمۇ تۆت قىسىملىق «يېڭى گورگان ئاسترونومىيە جەدۋىلى»
(1437 - يىلى تاماملانغان) ناملىق ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭدا 1022 يۇلتۇز خاتىرىلەنگەن

ۋە بىر يىل 365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10 سېكۇنت بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئۇلۇغبېكنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشى يىپەك يولىنىڭ كۆللەنگەن مەنزىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن گەرچە ئەلىشىر نەۋائىي، بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەدسىددىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننىي ئابدۇللا خاراباتى ۋە ئابدۇرېھىم نىزارىدەك ئۇلۇغ ئىنساپپەرۋەر مۇتەپەككۇر شائىرلار مەيدانغا كەلگەن، ئامانىساخان، قىدىرخان ۋە دەرۋىش ئەلىدەك مۇزىكاشۇناسلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان، خاندەمىر، مىرزا ھەيدەر، موللا مۇسا سايرامىدەك تارىخشۇناسلار قەلەم تەۋرەتكەن بولسىمۇ، بۈيۈك تەبىئەت ئىلمى بويىچە، خۇسۇسەن ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا ۋە خىمىيە پەنلىرىدە ئالەمشۇمۇل دەستۇر ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئالادىت ئىگىلىرى مەيدانغا كەلمىدى. ھۇماقۇشى بۇنداق كېنىئاللارنىڭ توخۇمىنى يىپەك يولىغا ئەمەس، بەلكى غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىغا كۆمگەنىدى.

ئېلېمېنتار ئارىفمېتىكىغا ئاساس سېلىش؛ نۆل (لاتىنچە «يوق») ئۇقۇمىنى سان - سىفىرگە ئېلىپ كىرىش؛ ئالگېبرا تەڭلىمىلىرىنى مەيدانغا ئېتىش؛ گېئومېترىيە ۋە بولۇپمۇ تېرىگونومېترىيىنى ئۆرە تۇرغۇزۇش؛ سان چۈشەنچىلىرىنى ئېنىقلاش؛ سىنۇس ۋە كاسىنۇس، ئېنتېگرال ۋە دىففېرېنسىئاللىق كاتېگورىيىلەرنى تۇرغۇزۇش؛ ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ۋە ماتېماتىك لوگىكىغا ئاساس سېلىش؛ ئاسترونومىيىلىك ئەينەك ۋە ئەسۋابلار ئىشلەش؛ يۇلتۇزلار (1022 يۇلتۇزلۇق گۈمبەز) جەدۋىلى ئىشلەش؛ كالىندار تۈزۈش؛ ئىكۋاتورنىڭ قىيپاشلىقىنى ئۆلچەش؛ يۇقىرىدىن تاشلانغان نەرسىنىڭ شەرققە يۆتكىلىپ چۈشۈشىدىن يەرنىڭ غەربتىن شەرققە ئايلىنىشىنى گىپوتىزا قىلىش؛ ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، تولۇشى ۋە دېڭىز دولقۇنىنى ئېنىقلاش؛ زېمىننى ئىقلىم (بەلباغ ۋە زونا) لارغا بۆلۈش؛ ئالخىمىيە ۋە ساختا ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنى تەنقىد قىلىش؛ گرېك ماتېماتىكلىرى ۋە مۇنەججىملىرىنىڭ تار دائىرىلىك قاراشلىرىنى قايتا كۆزىتىپ باھالاش — مانا بۇلار مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمىدىن ئۇلۇغبېككىچە بولغان ئالتە ئەسىر ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئالتە ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ئەمما، بۇ مۆجىزىدار زېمىندا پارچە ھاكىمىيەتچىلىك ئۇرۇشلىرى، ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى، كىتاب كۆيدۈرۈش، بارەھىم مەشرەپنى دارغا ئېسىش، بىر قانچىلاپ كاللامۇنارى ياساش، ئابدۇ قادىر ئەزىزنىغا قەست قىلىش، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قازا چىللاش، زىيالىيلار خۇسۇمەتخورلۇقىدىن باشقا تەبىئەت ئىلمىدە قايسىبىر نادىر چېچەك ئېچىلدى؟!

— يوقلۇق بارلىقنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق باھالىغۇچىسى. ئېيتىۋاتقانلىرىمىز سالنامە تارىخلاردا سۆزلەنمىگەن تارىخ پەلسەپىسى ھەقىقەتلىرى.

— يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! ئۇ ئۆزىگە خاس تىلسىم ئامەت ۋە مۆجىزىدار بەرىكەتلىرى بىلەن زېمىنىمىزگە شاراپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئەگرى - توقايلىقلاردىن ئۆتۈپ، يوقاتقان ئۇلۇغ ھېكمەت - تەبىئەت ئىلمى جاۋاھىراتلىرىنى خەلقىمىز يەنە ماھىر قوللىرىغا ئالىدۇ!

## 5

«ئەگەر ئۆز تەشۋىشلىرىڭدىن خالاس بولالىساڭ، پەلەك تەشۋىشلىرىنىمۇ جا - بەجا قىلالايسەن.»

— ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا

**«يىپەك يولى» دىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ تۆتىنچىسى، تىبابەت ھېكمىتىدىن ئىبارەت.**

ئىنساننىڭ تاشقى ئالەم مۆجىزىلىرىگە قىزىقىشىدىن ئۆز روھىيىتى ئىچىگە يوشۇرۇلغان غايىۋى ھەم تەنقىدىي ئىككى قۇتۇپلۇق مەنىۋى دۇنياغا قەدەم قويۇشىدىكى دەسلەپكى ئۆتكەل ئاسترو - ماتېماتىك ئىزدىنىشلاردىن تىبابەتچىلىك پائالىيىتىگە يۆزلىنىش بولدى. ئەمما، تاكى گۇمانىستىك پىكىرلەرگىچە ئىنسان ئۆز جىسمىنى تەبىئىي ياكى غەيرى تەبىئىي — ئىلاھىي ئوبيېكت سۈپىتىدە كۆزىتىشتى.

دەسلەپكى تىبابەتچىلىك ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشى، بەدەنلىرىگە پۇراقلىق گىياھلار سۈركۈشى، ھەر خىل ھاشارات ۋە چاققۇچى ھايۋانلارغا قارشى لاي - بوتقىلار بىلەن بەدەنگە قاتلام ياكى نەقىشلەر چېكىشى، كېيىنچە پىرىخونلۇق — ئوقۇش، داغلاش ۋاستىلىرى بىلەن داۋام قىلدى. ئېھتىمالەم، بۇ خىل ساددا تىببىي پائالىيەت يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ دائىمىي ھەمراھى بولسا كېرەك.

ئاتلىقلار مەدەنىيىتى كۆچمەن ۋە پائالىيەتچان تۇرمۇش رېتىمىنى پەيدا قىلدى. جارا- ھەت ۋە سۇنۇق، تۇغۇت ۋە ئىچ ئۆتكۈ ئۇ چاغدا ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىكنىڭ دائىمىي، ئەمما جىددىي تېمىسى ئىدى. سىكتاي مېتال ئىدىشى سىرتىغا سىزىلغان «سۇنۇق تېڭىش» رەسىمى بىزگە ئارىيلار زامانىدا ئاتلىق مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ ماھىر خېرۇرگلىرى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ «سېرىق پادىشاھ نامىغا يېزىلغان ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى» ناملىق كىتابىدا، غەربىي دىيارلىقلارنىڭ بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا زەھەرلىك دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيدىن ئىلگىرى يېزىلغان «ئەۋلىيا تېرىقچى نامىغا يېزىلغان شىپالىق گىياھلار» ناملىق كىتابتا غەربىي دىيار دورىلىرى ھەققىدە توخ- تالغان. سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە «غەربىي دىيار ھۆكۈمالىرىنىڭ رېتسىپلىرى»، «غەربىي دىيار ئاتاقلىق تېۋىپلىرىنىڭ تۆت جىلدلىق يۆچۈن رېتسىپلىرى»، چىڭ چەن يازغان «خۇرلار شىپا گىياھلىرى»، سۇڭ سىماۋ يازغان «بىباھا دورا نۇسخىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە غەربىي دىيارنىڭ تۆت زات ئاساسىدىكى تىبابەتچىلىك پەلسەپىسى ۋە شىپا- كەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى تىلغا ئېلىنغان. ئېيتىش كېرەككى، بۇنداق تۆت زات ئاساسىدىكى تىبابەتچىلىك ئەنئەنىسى مىلادىيدىن ئىلگىرىكى VII -، VIII ئەسىرلەردە قارا دېڭىز ساھە- لىدا ھەرىكەتلەنگەن مەركىزىي ئاسىيالىق سىكتايلار ئارقىلىق قەدىمكى گرېتسىيە تىبابەت- چىلىكىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ھېپوگراتنىڭ «تۆت فىزىس» قارىشى ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن.

يىپەك يولىدا ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى غەربىي دىيار تىبابەتچى- لىكى جەسەت يېرىپ كۆرۈش؛ جەسەت مومىيالاش؛ تېڭىقچىلىق؛ سامساق - ھاراق - ئاچ- چىق تاش دېزىنفېكسىيىسى؛ باش سۆڭىكىنى ئېچىپ خالتىلىق قۇرت ئېلىش؛ كۆز ئوپېرات- سىيىسى؛ ئىلما؛ قان ئېلىش؛ ماساژ قىلىش؛ تېرە كېسەللىرىنى داۋالاش؛ ھەر خىل گى- ياھلىق، پارلاندۇرۇلغان، قىياملىق، زەھەرلىك دورىلار ئىشلەش؛ گۈڭگۈرت كىسلاتاسى (تىزابى)، بىروم كىسلاتاسى، كۈمۈشلۈك بىرۇم كىسلاتاسى چىقىرىش؛ چېچەك، كېزىك، كۆزگە پەردە چۈشۈش، ئاشقازان ياللۇغى، قان تولغاق، زۇكام، جاراھەتلىنىش، داغ چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا زور نەتىجە قازانغان. 633 - يىلى چىمەنقۇلى تاڭ گاۋزۇڭ لى شىمىنى دەۋۋار كېسىلىدىن داۋالاپ ساقايتقان. 1970 - يىلى شىئەننىڭ

جەنۇبىدىكى تائىنس ۋائىخۇدىن «قۇت» (吉利) تامغىلىق ئىدىقۇت پۇلى ۋە ئىدىقۇتلۇقلار كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن دورا ئېچىش قاچىسى تېپىلغان. شۇ دەۋردە چاغىتەيدە «ئىدىقۇت نۇمۇر بەخش شەربىتى» ناملىق مادداي تۈلھايات دورىسى سېتىلغان.

«تۇرپان تېكىستلىرى» قاتارىدا تىبابەتچىلىك رىسالىلىرى پارچىلىرى تېپىلغان. «تۇرىكىي تىللار دىۋانى» دا بىر قاتار كېسەللىكلەر، دورا ماتېرىياللىرى ۋە تىبابەتچىلىك ئۇسۇللىرىنىڭ نامى كۆرسىتىلىشتىن باشقا، تىببىي ئەقلىيە سۆز ۋە نەزمىلەردىن پارچىلار بېرىلگەن.

1229 - يىلى خانبالىقتا (بېيجىڭدا) ئۇيغۇر دورىگەرلىك مەھكىمىسى قۇرۇلدى، مەشھۇر خرۇرگىيزەر، ھەربىي دوختۇر يەھيا، ئەيشى بولمىش خانبالىق ۋە سىچۈەنلەردە خىزمەت ئۆتىدى. ئەنزاڭ «مۇشكۈل ئاغرىقلار»، «شىپا گىياھلىرى» دەستۇرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئېيتىش كېرەككى، بۇ نوقۇل قۇبلايخان زامانىدا ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈز بەرگەن ھادىسە بولۇپ قالماي، يەنە پۈتۈن چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئايىغى يەتكەن غەربىي ئاسىيادىمۇ بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھادىسە ئىدى. مانى سۇلالىسى دەۋرىدە 36 جىلدلىق «خۇردورا نۇسخىلىرى» دېگەن ئەسەر يېزىلدى.

ئىسلامىيەت يىپەك يولى تىبابەتچىلىكىنى چەكلىگىنى يوق، ئەكسى ھالدا غەربتە گرېك تىبابەتچىلىكى، شەرقتە ئېلىمىزنىڭ «جۇڭيى» تىبابەتچىلىكى ئۇتۇقلىرىنى ھىندىستان، ئىران، ئەرەب ۋە ئەنئەنىۋى مەركىزىي ئاسىيا تىبابەتچىلىكى ئاساسىدا تېخىمۇ سىڭدۈرۈپ كىلاشتۇردى.

ئۇلۇغ يىپەك يولى تەپەككۇر گۈلزارىدىكى ئۇلۇغۋار باغۇەن، جاھان پەلسەپە تارىخىدا ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز ئەبۇ نەسىر فارابى ئەتتۈركىي (870 — 950) نەزەرىيىۋى تىبابەتچىلىكنى يېڭى ئۇل بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ تۆت زات، ھايات ۋە مۇھىت، جىسىم ۋە روھ، ئاشقى ۋە ئىچكى سېزىش ھەم تەپەككۇر ئەزالىرى ئۈستىدە ناتۇر پەلسەپىلىك قائىدىلەرنى قويۇشتىن ئاشقىرى، ئادەم ئاناتومىيىسى، گالېن تىبابەتچىلىكى، تىبابەتچىلىك كلاسسىفىكاتسىيىسى ئۈستىدە خاس ئەسەر ياكى سەھىپىلەر يازدى.

ئىبنى سىنا (980 — 1037) فارابى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيىدە ئۆزىگە خاس كاتتا تۆھپىلەر ساھىبى بولدى.

ئىبنى سىنا بىر تەرەپتىن، شەرقنىڭ يۈرەك - تومۇر تەلىماتىنى تەتقىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەشھۇر ئىران ئالىمى ئەبۇلھەسەن تەبۇر (؟ — 923) نىڭ «فىردەۋسۇل ھېكمەت» (ھېكمەت بېغى)، باغداتلىق مەشھۇر دوختۇر ئەررازى (850 — 923) نىڭ «كىتابۇل ئەسرار»، «كىتابۇل تىب ئەلمەنسۇرى»، «ئەل ھەۋىي» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن ئىبنى ئابباسنىڭ «كامىلۇل سىنا ئەل تىببىيە» (تىبابەتچىلىك تولۇق دەستۇرى) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئىبنى سىنا يىپەك يولى تىبابەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ «ئەششىفا»، «دانىشنامە»، «ئەلقانۇن فىتتىب»، «تىببىي داستان» قاتارلىق ئاجايىپ ئەسەرلىرى خۇددى تاۋلىنىپ تۇرغان ئالتۇن يۇلتۇز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىر قانچە ئەسىرگىچە شەرق ۋە غەربتە تىبابەتچىلىك قوللانمىسى ۋە دەرسلىكى قىلىندى، «شاھى تىبابەت» دەپ شۆھرەتلەندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئىمامىددىن قەشقەرى قاراخانىيلار دەۋرى تىبابەتچىلىك

ئاسمىنىنى جىلۋىلەندۈردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي تىبابەتچىلىككە ئائىت سىستېمىلىق مەلۇماتلارنى تىلغا ئالدى. ئىمامىددىن قەشقەرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى ئەلقانۇن» ناملىق ئەسەر يېزىپ، ئىبنى سىنا قاراشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھى شەكلىدە راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. ئېيتىلىشىچە، ئىمامىددىن قەشقەرى يەنە «شەرھى ئەششىفا» كىتابىنى يازغان.

كېيىنچە، خىزىر خوجىنىڭ ۋەزىرى قەمەرىددىن، ئالائىددىن خوتەنى، جامالىددىن ئاقسارايى، مىراد بەگ قەشقەرى، سەئىد مۇختار بۇلاقبەگ قاتارلىق ئۇيغۇر ھۆكۈمالىرى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشتى.

بىز يىپەك يولىدىكى بېقىياس قىممەتلىك ھېكمەت — تىبابەتچىلىكنىڭ 10 مىڭلىغان يىللار مابەينىدە تارىملاپ تولۇپلىشىپ، زور ئېقىم ھاسىل قىلغان غايەت زور ئىلمىي خەزىنە ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ يىپەك يولى داۋام قىلغان 2000 يىل ئىچىدە ئىلمىي سىستېمىغا كىرگەنلىكىنى؛ ئەمما بۇ ئىلمىي خەزىنە ۋە ئىلمىي سىستېمىنىڭ يىپەك يولى خارابىلىشىشى، غەربىي ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش تۇپەيلى، خۇددى چەۋگەن توپىدەك غەربىي ياۋروپالىقلار قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى؛ نەتىجىدە، خەلقىمىز ئاتالمىش پەرەڭ، شېۋىت شىپاخانىلىرىدىن ئىنجادىيەت ئىزدەشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى؛ ھەممىنى غەربىي ياۋروپادىن ئىزدىگۈچى تەپەككۇر دەلدۈشلىرىنىڭ خەلق تىبابەتچىلىكىنى «يالغان تېۋىپ» دەپ يوقىتىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا قويۇپ «تارىختىنى قايتا ئويلاش» ئېلىپ بارساق، قەلبىمىزدە ئالتۇنغا بەرمەس مۇنداق ئۈچ ھۆكۈم قەد ئالىدۇ: شانلىق ئۆتمۈش، پاجىئەلىك چۆكمۈش ۋە نۇرانە كەلگۈسى!

يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! ئۇ، ۋاقىت رىتىملىرى بىلەن زېمىن ۋە تۇرمۇش سەھىپىلىرىگە زەر چېكىدۇ. جاھاننىڭ مەدەنىيەتلىك ۋە پاراۋان، مەدەنىيەتلىك ۋە كامىل ئىرفان كىشىلىرى خۇددى شاكال يېرىپ چىققان تۇزدەك بەش ئەسىرلىك قاشتاقلىق جەندىلىرىنى يىرتىپ تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويىدۇ. تىبابەت ئىلمى — نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئىختىرا، ئەمەلىي داۋالاش ۋە تېخنىلوگىيە چېچەكلىرى، گەرچە بىردىنلا بولمىسىمۇ تەدرىجىي بۇ ئاۋات ئالاقىلار قانىلىغا غۇژمەكلىشىدۇ. داۋا ۋە شىپاسىز رەنجى ئەلەمدە ئۆتكەن خەلقتىن تىبابەت ئاسمىنىنىڭ يېڭى چولپانلىرى ئاپىرىدە بولىدۇ. بۇ، تارىخنىڭ ئۇلۇغ نۆۋەت ئىلتىپاتى بولۇپ، بۇ بىر مۇمكىنلىكنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئەجىر - ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ.

## 6

«نەغمە - ناۋا - جانلىق مىللەت، ئوتلۇق قەلبىنىڭ مىلودىك تىنىقى. ئۇ، ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەفسۇنكار مەدەنىيەت.»

— «خىيال دەپتىرى» دىن

«يىپەك يولى»دىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ بەشىنچىسى، ناخشا - ئۇسسۇل ھېكمىتىدىن ئىبارەت. ناخشا - ئۇسسۇل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۇنجى، رىتىملىق ئىپادىلەنگەن پوتېنسىئال ئاڭ پارتلىشى، ھېسسىيات ئارقىلىق ھېسسىياتقا تامغا بېسىشى ۋە ھايۋاناتتىن توپ پەرقلەنگەن روھىيەت ئۇيغۇنلۇقى بولۇپ قەدىمكى زامانلاردىلا مەيدانغا كەلگەن. غەربىي دىيار

قەدىمكي ئاھالىلىرى ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد، پەسىل ۋە ئەمگەك، ئىشرەت ۋە
مۇڭ (مەرسىيە) قوشاقلىرى، ئۇسسۇللىرىنى يارىتقان خەلقلەردىن ئىدى. مەركىزىي ئاسىيا
ئاھالىسى بىلەن ئامېرىكا ھىندىئانلىرىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل جەھەتتىكى ئورتاقلىقى قەدىمكي
بوغا يولى، ئات يولى ئالاقىلىرى دەۋرىدىلا خېلىلا قېلىپلاشقان ناخشا - ئۇسسۇل مە-
دەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەيدۇ.

ناخشا - ئۇسسۇل ۋە ئۇنىڭغا بېقىنغان ئىپتىدائىي چالغۇ قوراللىرى رېتىملىك ئېتىنىك
مەدەنىيەت سۈپىتىدە يېڭى تاشقورال دەۋرىدە گېنېزىسلىق (پەيدا بولۇشلۇق) بالا ياتـ
قۇسىدا ئۆزىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك قېلىپىنى تۈزدى. زامان قانچە سوزۇلسۇن، تەرەققىيات
قانچە ئۆزگىچە بولمىسۇن، يېڭى تاشقورال دەۋرى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۆز قېلىپلىرىنى
تۈزگەن دەۋر بولدى. ھەممە نەرسە خاس نۇسخا، قېلىپ، تەرتىپ، ئۆلچەمگە ئېرىشتى. ھەر
خىل روشەن گېئومېتىرىك نەقىش نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلدى. تۇتېم ۋە ئۇرۇقداش جا-
مائەدىكى مۇراسىملار، كوللېكتىپ بەزم - بايرام پائالىيەتلىرى، كېيىنچە شامان، زارا ئاستىر
ئېتىقادى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېغىشلىدى.

قەدىمكي گرېك تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا ماسساگېتلار (ئۇلۇغ
ساكلار) نىڭ گۈلخان يېقىپ، ئوتقا مېۋە تاشلاپ، شىركەيپ بولۇپ ناخشا - ئۇسسۇل ئويـ
نايدۇ، دېگەن تارىخىي ئۇچۇرى؛ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن مەركىزىي ئاسىياغا كەلـ
گەن ئورىئاننىڭ «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى» دېگەن كىتابىدا يەرلىك خەلقـ
نىڭ خۇددى گرېكلاردىكى دىئونۇس بايراملىرىدەك مەي سەيلىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى
ئۇچۇرى؛ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكي مەنبەلىرىدە سېرىق پادىشاھنىڭ كۇئېنلۇن تېغىغا كۆي
ئۆگىنىشكە كىشى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار؛ قۇتۇبى قىزىلىيار، ئالتاي باردا كۆل
قىيالىرىدىكى يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق رەسىملەر؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ناخشا -
ئۇسسۇللۇق قوشاق نەمۇنىلىرى؛ پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادىن تېپىلغان ئۇسسۇل كۆرۈنۈشـ
لۈك قىيا سىزمىلىرى يىپەك يولىدىن ئىلگىرىلا مەركىزىي ئاسىيانىڭ ناخشا - ئۇسسۇل
ماكانى ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى مەركىزىي ئاسىيا ناخشا - ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنى ھەم فو-
لىكلور ھەم كلاسسىك شەكىلدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شەھەر — قەلئە مەم-
لىكەتلىرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلقئارا سودا ۋە كۆتۈش مۇلازىمىتىنىڭ تەقەز-
زاسى بۇ خىل سەنئەتكە تارىخىي قىممەت بېغىشلىدى.

يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسى قۇرۇلغان ۋاقىتتىلا خوتەننىڭ
«يۈتيەن نەغمىسى» خەن ئوردىسىغا مەلۇم بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدا جاڭ چيەن قۇمۇل دىيارىدىن «ماھادۇر» كۈيىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان.
لى يەننيەن بۇ چوڭ كۈيدىن پايدىلىنىپ 28 نەغمە ئىشلىگەن. كېيىنچە، «دۇر» ئىبارىسى
گرېكلاردا «دۇرۇس مىلودىيىسى» نامىدا ئىشلىتىلگەن.

382 - يىلى لۈي گۇاڭ كومىرا جۇانى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كۈسەنگە قوشۇن تار-
تىپ كەلگەندە، بۇ جاينىڭ ئاۋات بۇددا مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ
20 مىڭ تۇياق ئات - خېچىرغا كۈسەننىڭ بايلىقى، زىبۇ - زىننەتلىرى، بۇددا دىنى نە-
مۇنىلىرى ۋە كۈسەن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ لياڭجۇ (جاڭيې) گە قايتقان. نەتىجىدە،

قومىتا (دۇڭخۇاڭ - سەجۇ) بۇددا تاشكېمىرلىرى، لياڭجۇ نەغمىسى مەيدانغا كەلگەن.

568 - يىلى تۈرك قاغانى موغانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكە جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەلەمپەز ئېمپېراتورى يۈي ۋېنيۇڭغا ياتلىق بولغاندا كۇسەنلىك مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى سۇجۇپنى ۋە بىر قاتار مۇزىكا، ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. كېيىنچە، سۇجۇپنىڭ «12 تېمپىراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» ئاساسىدا سۈي - تاڭ زامانىدا مۇزىكا ساھەسىدە ئىنقىلابىي يېڭىلاش ئېلىپ بېرىلغان.

كۇسەندە يەنە، ۋىدۇساكا ناملىق مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ، مەخسۇس چوڭ نەغمىلەر ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم.

تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، يىپەك يولى راسا گۈللەنگەن دەۋرلەردە چاڭئەندە ئۆتكەن ساۋمياۋدا، ساۋگاڭ، بەي مىندا، بەي جېشۇڭ، فى شىڭفۇ، فى شىڭنۇ قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكاشۇناسلار غەربىي دىيارلىق ئىدى. ئەينى زامان شائىرلىرىدىن دۇفۇ، لى بەي، بەي جۈيى، ۋاڭ ۋېي، يۈەن جىڭ، لى يەنشى قاتارلىق ئەدىبلەر غەربىي دىيار مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا گۈزەل مىسرالار قالدۇرغان.

بىز خوتەندىن، مارالبېشى تۇمشۇقتىن، قىزىل - قۇمتۇرا قاتارلىق جايلاردىن، شورچۇقتىن، ئىدىقۇت شەھەر خارابىسى، تۇيۇق، يارغول ۋە بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدىن ئەينى زامان مۇزىكا - ئۇسسۇل ۋە چوڭ نەغمىلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن نەپىس كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىمىز.

ئەينى زامانلاردا غەربىي دىيارغا زىيارەت قىلغان ۋاڭ يەندې قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، ئاۋات ئوردىلاردا ئوردا مۇزىكا - ئۇسسۇللىرى بولغان، ئۇ، ئوردىلار خارابىلاشقاندا خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى شەكلىدە داۋاملاشقان. بىز «دولان مۇقامى» نىڭ مۇقەددەسلەشكەن ھەرىكەت شەكلى، قومۇل مۇقاملىرىنىڭ ئەركىن - ئازادە ناخشا - ئۇسسۇل شەكلىدىن بۇ مۇقاملارنىڭ باشتىن كۆچۈرگەن تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ بىلىمىز.

ئىسلامىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن گەرچە يۈزەكى ھادىسە جەھەتتە ناخشا (مۇزىكا) - ئۇسسۇل سەنئىتى نىسبىي چەكلىنىشكە ئۇچرىغاندەك قىلسىمۇ، ئەرەب رېنېسسانسى تۈپەيلى مۇزىكا سەنئىتىدە شەرق - غەرب مۇزىكا مەدەنىيەتلىرى يەنە بىر قېتىملىق تارىخىي ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى ئەرەب ۋە غەيرىي ئەرەب مۇزىكىلىرىدىكى راۋاجلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ نەسىر فارابى ئۆزىنىڭ «كىتابۇل مۇسقۇل كەبىر»، «كىتابۇل مۇسقۇل سەغىر» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يېڭى مۇزىكا نەزەرىيىسى — غەيرىي پېفاگور مۇزىكىلىق ئاۋاز قارىشى، مۇزىكا كۈيشۇناسلىقى نەزەرىيىسى، ئەرەب - تۈركىي مۇزىكا - نەغمە تەلىماتى، چالغۇ قوراللار ئىسلاھاتى، ھەرپلىك نوتا قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئىبنى سىنا فارابى مۇزىكا تەلىماتلىرى ئاساسىدا 12 پەدە ھەققىدە توختالدى.

سالجۇقلار پۈتۈن ئىران ئېگىزلىكىنى ئىگىلىگەن مۇھىتتا ئازەربەيجان تۈركلىرىدىن سەفىيۇددىن ئەلمۇمىن ئەلى ئۇرمەۋىي فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسى بويىچە ئاۋاز (لاد) قاتارىنى 12 پەدە (مۇقام) غا ئايرىشنى، ئەينى زامان كلاسسىك كۈيلىرىنى 12 مۇقام بويىچە 12 مۇجەسسەم (ياكى ئائىلە) گە ئايرىشنى تىلغا ئالدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر - تۈركىي

خەلقلەر ئەرەبچە «مۇقام» ئىبارىسىنى قوبۇل قىلدى، ئەرەب ۋە پارسلار ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆلگۈسىدە فارابى نەزەرىيىلىرى بويىچە، ئۆز مۇزىكىلىق مۇجەسسەملىرىنى تۈزۈۋشكە كىرىشتى.

يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلبېغىدا قاراخانىيلار، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە مۇقام - ناخشا - ئۇسسۇل - شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ يېڭى ئۆلگىلىرى مەيدانغا كەلدى. سەئىدىيە دەۋرىدە ئامانىساخان ۋە قىدىرخان باشلىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك ئۇلۇغ خىزمەت ئىشلەندى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى يەنە بىر قېتىم، ئەمما ئۆز ئىچىگە «چوڭ نەغمە»، «داستان نەغمە»، «مەشرەپ نەغمە» قىسىملىرىنى توشقان ھالدا چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن كلاسسىك مۇقام ھالىتىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، غەربتە ياۋروپا كلاسسىك مۇزىكا ژانىرىسى سىمپونىيىلەر مەيدانغا كەلگەن زاماندا، شەرقتە ئۇيغۇر مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە شېئىرىيىتىنى بىر گەۋدە قىلغان ناخشا - ئۇسسۇل تىپىدىكى كلاسسىك سەنئەت مۇجەسسىمى مەيدانغا كەلدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا دەل ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئىدى. ئەسىرىمىزنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بويىچە يېڭى تارىخىي دەۋر باشلىنىپ كەتتى.

يىپەك يولىدىكى ناخشا - ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەر ئۆزىنىڭ ھەر بىر تارىخىي قاتلىمىغا ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى ئۇل ۋە ئوزۇق قىلغان بولۇپ، ئۇ، مەنبەسى يىراق، ئېقىمى قايناق، تۈزۈلمىسى گۈزەل، ئۈنۈمى ئەۋزەل سەنئەت مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ ئەزەلدىن ناخشا - ئۇسسۇلنى، باشقىچە ئېيتقاندا، مۇزىكا، شېئىرىيەت، ئۇسسۇل، تىياتىرنى بىر گەۋدە قىلغان كېنىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن ئەلنەغمىلىك — ئومۇمىي خەلق (ئاممىۋىلىق) خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن تەپەككۇر تېرەنلىكى بىلەن ھېسسىيات ئۇچقۇرلۇقى؛ ئەدەب - ئېتىكىلىقى بىلەن ئىشرەت - جۇشقۇنلۇقى؛ ئاڭلاش، كۆرۈش، ھېس قىلىش قاتارلىق ئۆتۈشمە تەسىرچانلىقى؛ ئوردا - كلاسسىك شەكلى بىلەن خەلق مەشرىپى فولكلور شەكلىنى بىللە ساقلىغانلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامايىش قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇللىرى ۋە مۇقام مەدەنىيىتى باي ۋە گۈزەل گەۋدىسى بىلەن تارىختا ئىككى چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپى — سۇ - تاش مەدەنىيەت تىپى ۋە ئەرەب مەدەنىيەت تىپى، ئىككى چوڭ خەلقئارا شەھەر — چاڭئەن ۋە باغداتتا زور شۆھرەت قازانغانىدى. ئۆز دەۋرىدە ئالەمدە يېگانە قەسىرلەرگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ يەردە «ساماۋى نەغمە» دەپ قارىلىپ، مۇزىكا ئىسلاھاتى پەيدا قىلىپ، شەرقتە چاۋشيەن، ياپونىيە، غەربتە مىسىر، تونىس، سۇرىيىگىچە تەسىر كۆرسىتەلىشى بۇ مۆجىزىدار ھېكمەت دۇردانىسىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت مەپتۇنكارلىقىنىڭ دەلىلى بولدى! ۋەھالەنكى، يىپەك يولى خارابلىشىپ، ئەۋزەللىك بۇلاقلىرى قۇرۇغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ سەنئەت گۆھىرىنى ئۆزىنىڭ گاداي چاپىنى ۋە جاراھەتلىك قەلبىدە ساقلاپ كەلدى.

يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! قەدىمكى سېرىق پادىشاھ ھېكايىلىرى بىلەن گىرېك ھېكايىلىرىدا بىردەك قەيت قىلىنغان، تۇمشۇقلىرىدىكى تۆشۈكچىلەردىن ھەر خىل ئاۋاز - كامالار ياڭراپ، گۈزەل مېلودىيە كۈيلەيدىغان قەقنۇس قۇشى ئۆز ئۈستىدىكى رىيازەت توزانلىرىنى سىلكىۋېتىپ، قايتا ئەفسۇنكار نەغمە - ناۋا ياڭرىتىدىغان يېڭى ئىرا

ئېچىلدى! ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نېسىۋىسىدە قانچىلىغان ۋىدۇساكا، سۇجۇپ، ساۋمياۋدا، بەي مىندا، فى شىڭفۇ، فارابى، يۈسۈپ قىدىرخان غازى، دەرۋىش ئەلى، ئامانىساخان، قىدىرخان يەركەندى قازانغان ئىپتىخار قىسمەتلىرى بارلىقىغا گۇمانىم يوق! ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ماكىدونىيىدىن چىقىپ، شىمالىي ئەرەبىستان ۋە مىسىرنى، ئىران زېمىنىنى، ھىندىستاننىڭ يېرىمى بىلەن ئالدىنقى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالغانىدى. چىڭگىزخان رۇس تۇپرىقى، خارەزىم دەشتى ۋە باغدات تۆگرىكىنى ئالدى. ئاخىرىدا ئۆز قوشۇنلىرى يۈزلىگەن مىللەتلەر تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئەلەمپەزلىكتىن يەتكىنى ئەلەم - ھەسرەت بولدى. گومېر داستانلىرى، ئەلف لەيلى ھېكايىتى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى قەلەمپەزلىكتىن نۇر قەدەم بولدى، ئۇ ئۇزاق بولسىغان ئەسىرلەر ئىچىدە باشقا يۇلتۇزلارغا قەدەم قويغان ئىنسان بىلەن بىللە كائىنات رېتىملىرىگە كامالەت قوشقۇسى!

## 7

«ئىنسان زامان ۋە ماكان گىرەلەشكەن نۇقتىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ نۇقتىمىنەزەرى ئۆز قەلبىنى ئەنداز قىلىپ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالغان ئىككىنچى تەبىئەت - ئىككىنچى زامان ۋە ماكاننى بەرپا قىلمىشتا بولغان نۇتلۇق ئىنتىلىشتۇر.»

— «خىيال دەپتىرى»دىن

«يىپەك يولى»دىكى تۇققۇز ھېكمەتنىڭ ئالتىنچىسى، تەسۋىرى سەنئەت مۆجىزىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئەلۋەتتە بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، ئويمىچىلىق ساھەلىرىدە غەربىي دىيارلىقلار ئېرىشكەن كامالەت كارامىتىگە قارىتىلغان.

يىپەك يولىدىن ئىلگىرى بۇ زېمىندا كۆپلىگەن قىيا رەسىملىرى ۋە قەدىمكى قەبرىگاھلىقلار، شەھەر - قەلئە ئەسلىھەلىرى، جۈملىدىن ھەر خىل ئىلاھلارغا ئائىت لاي ياكى تۇچتا قۇيۇلغان فىگورىلار (ئېكونلار) بولغان.

يىپەك يولى ۋە ئانچە كېچىكمەي مەيدانغا كەلگەن بۇددىزم سەنئىتى بۇ دىيارنىڭ تەسۋىرى سەنئەت مۇجەسسىمىگە يېڭى كۈچ بېغىشلىدى. خوتەندىن تاكى قۇمۇلغىچە بىر قاتار بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بېكسۇنلار (تالىپلار) ئىستىقامەتگاھلىرى، بۇددا ھېكمەت زاللىرى، جەسەت مۇنارىلىرى، بۇددا تاشكېمىر ۋە «مىڭ ئۆي»لىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ بىناكارلىقلار ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ غەربىي دىيارغا كېلىپ - كەتكەن سەيياھلىرى كۆپلىگەن گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك جۈملىلەر قالدۇرۇشقان. ئۇنىڭ مۇھىمى شۈبھىسىزكى، فاشەن بىلەن شەنجۇاڭنىڭ ساياھەتنامىسىدۇر.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەشھۇر ئەدىب سابىر تىرمىزى (؟ — 1151) بىر قاتار شېئىرلىرىدا ئۆزى كۆرگەن قەندىھار تاشكېمىرلىرىنى تىلغا ئالىدۇ:

«باھار پەسلى كېلىپتۇر، يەنگى تەرىفى باھار ئەيلە،
ئۆيۈڭنى قەندىھار بۇتخانىسىدەك لالىزار ئەيلە».

ئۇ قەندىھار بۇتخانىسىنى تىلغا ئالغاندا، چىن نەققاشلىرى ۋە قەشقەر گۈزەللىرىنى بۇ سەنئەتنىڭ جېنى دەپ، مۇنداق يازىدۇ:

«بولدى باغ بۇتخانا يەڭلىغ لالە گۈللەر ھۆسنىدىن،
راستتىن ئېيتسام چىنۇ قەشقەرلىق سەنەملەر بەرق ئۇرار.»

«يۈزى نەققاشچى چىن سەنئەتلىرىدىن نىشان بەرگەي،
مەگەر بۇ خىل نىشانلاردىن يۈزى ھەر بىر زامان بەرگەي.»

تۆمۈرىيلەردىن بايسۇنقۇر مىرزا 1419 - يىلى چىنغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر تەركىبىدىكى غىياسىددىن نەققاش ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە»سىدا غەربىي دىيار تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەتنى «ئاجايىبۇل لەتايىف» دەپ ھەيرەتتە ماختىغان.

غەربىي دىيار ئاشكىرىلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تەسۋىرى سەنئەت كىشىلىرىنى ئىسلام دۇنياسى ئەدىبلىرى چىن سەنئىتى، چىن نەققاشى دەپ، ئۇنى ماھىر رەسسام بولىش مانى نامىغا باغلاپ ئۆز مىسرالىرىنى بېزەشكەن. ئۇلار ھەتتا گۈزەللىنى، گۈزەللىكىنى، ئۇستا رەسسامنى باھالىغاندا «چىن سەنئىتى»، «مانى نۇسخىسى» دىن ئۇستۇن دېيىش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرگەن. بايسۇنقۇر مىرزا سارىيىدىكى خەتتات شاھى سەبزە ۋارىنى بىر شائىر ماختاپ:

«گەر بەچىن نۇسخەئى تەسۋىرزى پېشى تۇبەرەند،
تاچىھە-ورۇيى دىھد دەرفەننى خۇد مانىيرا.»

(سېنىڭ سىزغان بۇ نۇسخاڭنى ئەۋەتىلسە مەگەرچىنگە، بېشىنى كۆتۈرەلمەس مانىمۇ ئەلۋەتتە بۇ پەندە) دەپ يازغان. تەسۋىرى سەنئەتتە رىم، گرېك، مىسىر، ھىندىستان ئەمەس، بەلكى بۇ دىيار ماھارەت پەللىسى ھېسابلانغان.

ئەلشىر نەۋائىي ئۆز غەزەللىرىدە مۇنداق يازغان:

«ئول سەنەمگە سەجدە قىلسام، زاھىدى خۇدبىن، نەئەيىب،
بۇتپەرەس بولماق كۆپ ئارتۇقراقكى بولماق خۇدپەرەست.»

(ئەي، ھاكاۋۇر زاھىد، ئۇ سەنەمگە سەجدە قىلسام، بۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن، ئۆز - ئۆزىگە مەغرۇرلىنىشتىن بۇتقا سەجدە قىلىش ئەۋزەلرەك ئەمەسمۇ؟)

«كۆپ دىلارە شەكىللەر كىم چەكتى چىن سۈرەتگەرى،
ئاچمىدى بىر چېھرە ھەرگىز سۈرەتىڭ نەققاشىدەك.»

(چىن رەسساملىرى نۇرغۇن زوقلىنارلىق رەسىملەر سىزغان بولسىمۇ، ئەمما سېنىڭ سۈرەت - قىياپىتىڭدەك بىرسىمۇ تەبەسسۇم قىلغىنى يوق.)

«بولمىسا ئول بۇت قاشى مېھرابىم ئىچرە جىلۋە ساز،
قىبلەگە كاپىرمەن، ھەر باش ئېگىپ قىلسام ناماز.»

(مېھرابىمدا خۇددى بۇتتەك سەنەم قېشى جىلۋە قىلىپ تۇرسا، ھەر قېتىم روكۇ قىلىپ ناماز ئوقۇسامۇ، مەن مۇسۇلمان بولماي كاپىر بولۇپ بولغاندىمەن، بەلكى.)

«ۋاھ، نە يۈزدۈر ئولكى تەقلىدىن قىلىپ نەققاشى چىن،
چەكسە يۈز سۈرەت بىرىن يۈزدىن نەمۇدار ئەيلەسەم.»

(پاھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل يۈز، ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ چىن نەققاشى يۈز رەسىم سىزسا، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى بىرىنىلا بۇ گۈزەل يۈزگە ئوخشاتقىلى بولار.)

«ئۆزلۈكۈمنىڭ قەيدىدىن بىر مەي بىلە قىلىڭ خالاس،
ۋاھ، نەدەي، ئەي مۇغ ساقا بۇت بىرلە زۇننارىم پىدا.»

(بىر مەي بىلەن مېنى ئۆزلۈكۈمنىڭ ئارغامچىسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋەتتىڭ، نېمە دەيمەن، ئەي مەيخانا ساقا جىسمىمنىڭ بۇتى ۋە تاقايدىغان زۇننار پوتام سەدىقە.)

دەۋرىمىزگە كەلگىچە غەربىي دىيار بۇددا بىناكارلىقى، ھەيكەلتىراشلىقى ۋە تام - تاختا رەسساملىق سەنئىتى يادىكارلىقلىرى دېيەرلىك دەرىجىدە، ئەمما خارابە ھالىتىدە ساقلانغانىدى. ئەمما ئۇ دى گرونۋېدىل، لېكوك، ستەيىن، فىللىيوت ۋە داگونىڭ ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرى پارچىلاپ، بۇزۇپ ئېلىپ، تېخىمۇ ۋەيران قىلىشتى. شۇ چاغدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوتەن، مەلىكئاباد، كونانىيە، دەندان ئۆيلۈك،

ئۇچما راۋان، توققۇز ساراي، ئالاقاغا، سىم - سىم، دولدۇل ئوقۇر، سۇبېشى، قىزىل، قۇمتۇرا، مازارباغ، شورچۇق، مىران، كروران، يارغول، تۇيۇق، سەڭگىم ئېغىز، ئىدىقۇت شەھىرى، بېزەكلىك قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تاشكېمىرلەر، ئېكون — بۇت ۋە قورچاقلار، تام رەسىملىرى، سىزما ۋە ياغاچ ئويمىلار، يىپەككە سىزىلغان رەسىملەر جاھان سەنئەت تارىخىدىمۇ ئۆزىنىڭ زور ھەجىملىكى، رەڭدارلىقى،كۆركەم — نەپىسلىكى بىلەن يەنىلا تەڭدىشى يوق. ئۇلار ئارىسىدا دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان لاكشمى (ئۈز تەڭرى) رەسىمى، ئات ۋە تۆگىلىك سەپەرنىڭ تاختىغا سىزىلغان رەسىمى، سۇ-بېشىدىن تېپىلغان مۇزىكا - ئۇسسۇل - تىياتىرلىق كۆرۈنۈش سىزىلغان جەسەت كۆلى قۇتىسى، قىزىل 36 - سەنئەت غارىدىكى تام رەسىملەر، قۇمتۇرا يېڭى 1 - غار تورۇسىدىكى كۆركەم لىباس بۇتسالتۇۋالار تىزمىسى، شورچۇقتىكى ياغاچ ئويما ھەيكەللەر ۋە براھمانىنىڭ لاي ھەيكەللىرى، ئىدىقۇت شەھىرىدىكى مانى ئىبادەتخانىسىغا سىزىلغان مانى ۋە مۇخلىسلىرىنىڭ تام رەسىمى، بېزەكلىكتىن تېپىلغان ساكيامۇنىنىڭ ھېكمەت سۆزلىشى قاتارلىقلار يۇقىرى كلاسسىك تەسۋىرى سەنئەت دۇردانىلىرى ئىدى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن بىناكارلىق، بولۇپمۇ ئوردا - قەسىر، ئاتاقلىق شەخسلەرگە ئاتالغان مەقبەرە، مەسچىت - جامە، مەدرىسە، مۇنار، رەسەتگاھ، باغ - سەيلىگاھ، ئولتۇراق جاي بىناكارلىقى ئالاھىدە يەرلىك ۋە غەربىي ئاسىياچە قۇرغاق رايونلارغا خاس «ئىسلام ئۇسلۇبى» بويىچە راۋاجلاندى. بۇنداق بىناكارلىقلار مۇنار، گۇمبەز، دەھلىز، راۋاق، مېھراپ (مېھراب)، تاكچا (ئويۇق)، ئوچاق - مورا، سۇپا، ياپما ئايۋان، تورۇس، تۈۋرۈك، باسما (پەلەمپەي) قاتارلىقلارنى چىرايلىق لايىھىلەش، ئۇنى رەڭدار خىشلاردىن، گەج نەقىشلىق ياكى ياغاچ ئويما ماتېرىياللاردىن ئىشلەش ئومۇملاشتى. قاراخانىيلار زامانىسىدا قەشقەر، بالاساغۇن، ئۆزكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت، خوتەن قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە بۇنداق ياسىداق بىناكارلىق روزىغارلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. چىڭگىزخانىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ياﻟغۇز بىناكارلىق مۆجىزاتلىرىنىلا ئەمەس، يەنە پۈتۈن - پۈتۈن شەھەرلەرنى تۈزلىۋەتكەنىدى. تۆمۈرىيلەر ۋە سەئىدىيلەر دەۋرىدە «شاھى زىندە»، «گورئەمىر»، «بىۋى خانىم»، «يۈسۈپ ھەمەدانى»، «ئائىشە بىۋى»، «ئەھمەد يەسسەۋى» قاتارلىق مەقبەرىلەر، يەكەن «ئالتۇنلۇق» مازىرى، سەمەرقەنت رىگىستان مەدرىسلىرى، ئۇلۇغبېك رەسەتخانىسى قاتارلىقلار قۇرۇلدى.

يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى تەسۋىرى سەنئەتكىمۇ قاتتىق زەربە بولدى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى، دەل تارىخنىڭ زامانىۋى شەھەر بىناكارلىقى ۋە مەدەنىيەتلىك تۇرار جاي قۇرۇلۇشىنى راسا تەقەززا قىلغان دەۋرىگە توغرا كەلدى. ئىشىنىمەنكى، غەربىي دىياردا ئەنئەنىۋى ۋە سەنئەت ئىلمىگە لايىق بىناكارلىق تارىخقا ئىگە يەرلىك ئاھالە بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، مۇھەندىسلىك، رەسساملىق، ئويمىكەشلىك، نەققاشلىق سەنئەتلىرى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى خەلقلىرىگە يېتىشىۋالىدۇ.

8

«يىپەك يولىدىكى تارىخنىڭ ئۆلكەن ھادىسىلار قەبرىگاھلىقىدىن ئۆلمەس تۆت ماھىيەتلىك مۆجىزە - تارىخ شېئىرى، سەنئەت يوپۇرمىقى، ئەدەبىيات گۈلى ۋە ھېكمەت ئۇرۇقى ئۈنۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭدا، ئۆتمۈش كەلگۈسىگە تارىخىي تەپەككۇر، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر شەكلىدە ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.»

— «خىيال دەپتىرى» دىن

«يىپەك يولى»دىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ يەتتىنچىسى، تىل - ئەدەبىيات خەزىنىسىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، تىل سىستېمىسى ۋە دەسلەپكى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە قوشاق فولكلورى يىپەك يولىدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. ھەر خىل بەلگە ۋە تامغىلار ئىپتىدائىي ئۇچۇر ۋاستىسى قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇسخىلىرى قىياتاشلار، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن كۆپلەپ تېپىلدى.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا تىل - ئەدەبىياتىدا يېڭى ئىپادىلەش ئۇسلۇب ۋاستىلىرى ۋە سىنكرېتىك ئالامەتلەر مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى.

تارىخ تەتقىقاتچىلىرى غەربىي دىيار ۋە پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيادا ھەر خىل يېزىقلار قوللىنىلغانلىقىنى، ھەر خىل تىللاردا ئەسەرلەر يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھەقىقەت شۇكى، غەربىي دىيارلىقلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى - ئارىيلار - سكتايلار - ساكلار بالقاش - بايقال ۋادىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا غەربتە قارا دېڭىز، قىزىل دېڭىز ساھىلىنى، جەنۇبتا ھىندىستان ۋە مېسوپوتامىيىنى، شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى، تاكى قەشقەرىيىگىچە ئىگىلىگەن ياكى ئۇ جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. نەتىجىدە بۇ كەڭ زېمىندا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسالىزمى ھادىسىسى پەيدا بولغان. غەربىي دىياردا كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوللىنىلغان قاروشتى يېزىقى، ئەنەتكەك (سانسكرت) يېزىقى، رونىك شەكلىدىكى ئورخۇن يېزىقى، سوغدى يېزىقى شەكلىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار تېگى - تەكتىدىن قەدىمكى ئۇچۇرلۇق تامغىلار بىلەن ئارى - سكتايلار كەزگەن غەربىي ئاسىيا ۋە پامىر - ھىندىستان يېزىقلىرىنى دەۋر قىلىپ، بىرىدىن بىرىگە ئالمىشىپ كەلدى. بۇ يېزىقلارنىڭ يېقىنلىقى خۇددى نوھ ئەپسانىسىدىكى نوھ پەرزەنتلىرى تۇر، يا پەستەك شۇنچە تومۇرداش بولغان.

غەربىي دىيار فولكلورىغۇ ئاللىقاچان مىللىي چېگرىدىن ھالقىغان بولۇپ، «ئوغۇزنامە»، «كىلكىنمىش»، «چىستانى ئىلىك بېك»، «دەدە قور قۇت»، «ئەپراسىياپ»، «رۇستەم»، «سىياۋۇش»، «تومارىس»، «پەرھاد ۋە شىرىن»، «ماناس» ۋە بۇددىزمغا ئائىت يۈزلىگەن «يارالمىش جاتاكا ھېكايەتلىرى» كۆپ ئېتنىك ۋە كۆپ جۇغراپىيىلىك تەركىبكە ئىگە بولغان.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تىل - ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئاساسلىق جاۋاھىرات «ئاۋستا»، «رىگاۋىدا»، «ئەپراسىياپ» لېگىندىلىرى بىلەن بۇددىزم نوملىرى ھېسابلاندى.

غەربىي دىياردا كۆپلىگەن نوم ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى كومىراجىۋا، فى خۇيلان، ئەنزاڭ، سىڭقۇسېلى تۇتۇڭ قاتارلىق تىلشۇناس - تەرجىمەشۇناس ئالىملار بولدى. كومىراجىۋانىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى خەنزۇ نەزمىچىلىكىنى بەش خەتلىك شەكىلدىن يەتتە خەتلىك شەكىلگە كۆتۈرۈشتە ئىلھام بەخش ئۈلگە بولۇپ قالدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدىن تېپىلغان «بىلگە قاغان»، «تونيۇقۇق»، «كۆلتېگىن»، «مويۇنچۇر»، «توققۇز ئۇيغۇر خاقان»، «كۈلچۇر» ئابىدىسى قاتارلىقلار تالاس - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي كومپوزىتسىيىگە ئىگە رەسمىي كلاسسىك تاش پۈتۈكلۈك خاراكتېرى بىلەن پەرقلەندى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا قايتا ئىشلەنگەن «ئوغۇزنامە»، «چىستانى ئىلىك بېك»،

«مايتىرى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇغ» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر ئەينى زامان نەسرى - نەزم ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمە، ئەدەبىي ئىجادىي تەرجىمىنىڭ كۆپ قىرلىق ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. دەرۋەقە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانىزم بىلەن بۇددىزم (كېيىنچە، بېشبالىقتا يەنە ئىسلام دىنى)، گرېك، پارس، هىندى، خەنزۇ، تىبەت، موڭغۇل تىللىرى بويىچە ئىلمىي، دىنىي ۋە ئەدەبىي تەرجىمە بىللە بولۇش مەنزىرىسى شەكىللەنگەنىدى. كۆچۈرۈش بىلەن مىق مەتبەئە ئۇشبۇ مەدەنىيەت دەرگاھىغا هۆسن قوشتى. خانبالىق (بېيجىڭ) ئوردا ۋە خەنلىك ئاكادېمىيىسىدە ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىشلىگەن، موڭغۇل هۆكۈمرانلىرى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىدىن مەشهۇر شېئىرىيەت ۋە «يۈەن چۈي» تىياتىر مۇئەللىپلىرى يېتىشكەن مەدەنىي مۆھىت بارلىققا كەلدى. بۇ هال ئۇيغۇرلارنىڭ باغدات خەلىپىلىكلىرىگە، سالجۇق تۈركلىرى، چىڭگىزخان قوشۇنلىرى بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىغا قەلەم ۋە ئەلەم ماھىرلىرى بولۇپ چېچىلىشىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ئىككىنچى ۋارىيانتى ياكى قانىتىنى هاسىل قىلدى. ماۋرا ئۇننەھىر، خارەزم ۋە خۇراساننى ئىشغال قىلىشتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى چىڭگىزخان قوشۇنلىرىغا كۈچلۈك چەۋانداز ئەترەتلىرى قوشقانىدى. مەلۇم مەنىدە، زامانىسىنىڭ ئەقىل چەشمىسى بولغان ئىدىقۇت - بېشبالىقلىقلار ئۆز جاۋاھىرلىرىنى شەرقىي دېڭىز - كاسپىي دېڭىز - ئەرەب دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىز ساھىلىغا چاچقانىدى. ئۇ كېيىنچە موڭغۇل ئاتامانلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك هاكىمىيەت تالىشىش جەڭلىرىدە، سالماغلىق ئاھالىسىنى سېرىق ئۇيغۇرلار زېمىنىگە كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. خىزىر خوجا ئىدىقۇت دىيارىدا ئىسلام ئاچقاندا، بۇ دىيار ئاللىقاچان هالىدىن كەتكەن هالەتتە قالغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن تۇرپان - قۇمۇل دىيارىنىڭ دەرمەھەل مەدەنىيەت ھەسەن - هۈسەنلىرىنى جىلۋىلەندۈرەلىگەنلىكى، مېنىڭچە، ئەنە شۇ ئىچكى خوراشتىن بولغان.

قاراخانىيلارنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى، يىپەك يولى غەربىي دىيار ئۆتكۈلىنىڭ بىر تۇتاش ئىسلام - تۈركىي مەدەنىيەت چەمبىرى هاسىل قىلىشىنى تېزلەتتى. تىل - ئەدەبىياتتا يېڭى تارىخىي دەۋر ئۆز ئۇپۇقىنى ئاچتى. يېزىق شەكلى، ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بەزى تەتقىقاتچىلار هۆكۈم قىلغاندەك غەربىي دىيار مەدەنىي هاياتىدا جىددىي چۈشكۈنلۈك يۈز بەرگىنى يوق. ئەرەب مەدەنىيىتى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. تارىخ بۇ ئۇلۇغ قانالدا يېڭى مەدەنىيەت ئۇچرىشىشلىرى ۋە سىڭكرتىزمىغا مۇمكىنلىك تۇغدۇردى. ئىسلام شەكلىدىكى گۈمبەزلىك كارۋان سارايلىرى، ئىسلام مۇنارىلىرىدا ئوقۇلغان ئەزان كۈيلىرى يىپەك يولى ئالاقىلىرىغا دەخلى - تۇسقۇنلۇق كەلتۈرگىنى يوق.

ئەل خارەزمى، ئەل پەرغانى، ئەلفارابى، ئەل خوجەندى، ئىبن سىنا ئەسەرلىرى ئەرەب دۇنياسىدا سوقرات، ئەپلاتون، هىپوكرات، ئارىستوتېل، ئېۋكلىد، گالىن، پىتولمى ئەسەرلىرى بىلەن بىللە بۇ ئۇلۇغ ئۆركەشنىڭ شەرقىي پاۋلىئونىنى هاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ياۋروپا رېنسانسىنىڭ بالىياتقۇسىغا ئۇرۇق سالدى. بۇ، ھەقىقىي تارىخنىڭ تارىخىي ھەقىقىتى سۈپىتىدە بىگۇمان ھەقىقەتتۇر.

يۈسۈپ خاس هاجىپ ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىدىن كېيىن يەنە بىر شاھ ئەسەر

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ياراتتى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى يىپەك يولىدا «ئاۋىستا» دىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ داستان بولغانىدى. بىز بۇ ئۈچ ئەسەرنى خۇددى ئارىستوتىل، ئىككىنچى ئۇستاز ئەلفارابى ۋە ئىككىنچى ئەلفارابى — «شەيخۇل رەئىس» ئىبىن سىنادەك ئوبرازلىق تەپەككۇر تارىخىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئۈچ ئەڭگۈشتەر ھېسابلايمىز.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، مۇھەممەد فازىلنىڭ «سوراھ»، مۇھەممەد زەمەخشەرىنىڭ «مۇقەددىمە تۇل ئەدەب» قاتارلىق ئۈچ چوڭ لۇغەتى قەشقەرلىق فى خۇيلاننىڭ «نوم مەنىلىرىنىڭ تەپسىلىي تەپسىرى» ناملىق تىلشۇناسلىق دەستۇرىدىن كېيىن يىپەك يولىدا مەيدانغا كەلگەن غەربىي دىيار تىلشۇناسلىقىنىڭ يېڭى ئۇتۇقى بولدى.

فىردەۋسىنىڭ مەھمۇد غەزنەۋىگە تەقدىم قىلغان «شاھنامە»سىدىن كېيىن، ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن نىزامى گەنجەۋىي، دېھلىدە ئىستىقامەت قىلغان خۇسراۋ دېھلەۋىي، سەددىدىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتى ۋە كۈيئوغلى نۇرىددىن ئابدۇراھمان جامى بىلەن ئۇلۇغ مۇرەببى ئەلىشىر نەۋائىي ياراتقان «خەمسە» چىلىك بەس - بەسى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە قارشى ئىنسان ۋە ئەرك تېمىسىنى شېئىرىي رومان شەكلىدە ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. نەسرىددىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، ئۇبەيدۇللا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانلىرى ئۇنىڭغا يانداشقانىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن «تۈركىي پىرى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق مەشھۇر زىلزىلىگۈي ئەسىرىدىن كېيىن باقىرخانى، باباماچىن، بابارەھىم مەشرەپ، خوجا نەزەر ھۇۋەيدا، مۇھەممەد سىددىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننىي ئابدۇللا خاراباتىنىڭ بىر قاتار گۇمانىستىك - سوپىستىك ئىدىيىدىكى ئەركىن پىكىرلىك پەلسەپىۋى لىرىكىلىرى يىپەك يولىدا مانىزىم، زارا ئاستىرىزىم ۋە بۇددىزىم زامانىدا ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەن، ئىنساننى قاراڭغۇلۇق ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىنتىلىشلىرىنىڭ يېڭى، ئۆزگىچە راۋاجى بولدى.

يىپەك يولى غەربىي دىيار تىل - ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات تەرجىمىچىلىكى ۋە تېماتىك پىكىر ۋە پېرسوناژلىرىنىڭ خەلقئارالىقى بىلەن خاراكتېرلەنىدى. شىنجاڭدىن ئىزوپ مەسەللىرى، مانى دەستۇرلىرى، بۇددا نوملىرى، نېستورىئان رىساللىرى بىلەن «كېلىلە ۋە دىمنە»، «مىڭ بىر كېچە»، «شاھنامە»، «چاھار دەرۋىش» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى تېپىلغانلىقى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. يىپەك يولىدا يارىتىلغان «ئاۋىستا»، «شاھنامە»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «گۈل ۋە نەۋرۇز» «چاھار دەرۋىش» ۋە ھەرقايسى «خەمسە» تىزمىلىرىدا چىن خاقانى، خوتەن رەستىبىسى، خارەزم چۆللۈكى، ھىندى راھىبى، ئىران دەرۋىشى، ئەرمەن گۈزىلى، ئەرەب ھەكىمى، ئېفوپىيە زەنگىسى، يۇنان سەركەردىسى، ساك قەھرىمانى، تۇران مەرگەنلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دۇنيادا بۇنداق خەلقئارا قىياپەتلىك ئىككىنچى تەسۋىرى تەپەككۇر مۆجىزاتىنى يەنە تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۆپ قىرلىق ۋە سېھىر بەخش بۇ خىل تىل - ئەدەبىيات يىپەك يولى خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل كلاسسىك خاراكتېرىدىن قالدى.

يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى بىزگە نوقۇل رۇسىيە ئارقىلىق كىرگەن ياۋروپا

ئەدەبىياتى ژانىرىدىكى ئىجادىيەت سەمىرىلىرىدىن داۋاملىق پايدىلانغاندىن تاشقىرى، بىر زامانلاردا قەلەمكەشلىرىمىزنى دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن يىپەك يولى زامانىدىكى ئەدەبىيات مىراسلىرىمىز بىلەن قايتىدىن تونۇشۇش ۋە يېڭى يىپەك يولىغا خاس يېڭى ئىستىلدىكى ئەدەبىيات گۈلزارى بەرپا قىلىش يولىدا ھېكمەتلىك پىكىر ۋە ھېكمەتلىك ئىزدىنىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇلۇغۋارلىق شەخسنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياراتقان تارىخنىڭ ئىشى، ئەلۋەتتە.

9

«دۇنيا ھېچقانداق گۈزەللىك ۋە مۇقەددەسلىك ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا بولغان ئىنسانىي مۇئامىلىسىدەك چەكسىز ۋە ئالىيجاناب بولغان ۋە بولالىغان ئەمەس.»

— «خىيال دەپتىرى» دىن

**«يىپەك يولى»دىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ سەككىزىنچىسى، مېھماندوستلۇق گۈلشىنى... دىن ئىبارەت.** مېھماندوستلۇق — بىر خىل مەدەنىيەت، ئۇنى پەقەت جاھان كەزگەن كىشىلا ھېس قىلىشى، چۈشىنىشى ۋە بىجا قىلالىشى مۇمكىن. مېھماندوستلۇق — ئۇ ئاددىيلا ئادىمگەرچىلىك، ئىجتىمائىي ئالاقە، ھېسداشلىق بولماستىن، بەلكى بىرەر خەلقتە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئارقىلىق مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ئەنئەنىگە ئايلانغان كىشىلىك مەدەنىيەتنىڭ ساخاۋەتچان گۈلشىنىدۇر. ھەرقايسى سەككىز ھېكمەت توپەيلى ئۇشبۇ ھېكمەت چەشمىسى قايناق ۋە راۋان!

قەدىمكي مەركىزي ئاسىيالىقلار بىر قاتار سەۋەبلەر بىلەن مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىگە ئېرىشكەن:

ئۇلار، بۇغا - مارال يولى، ئالتۇن يولى، قاشتاش يولى ۋە يىپەك يولى ئارقىلىق كونا قىتئەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كەزدى، ھەر خىل يايلاق، ئورمان، جەزىرە، قەلئە ۋە ساھىللاردا تۇرمۇشنىڭ تېتىقىنى تېتىشتى. ئۇلۇغ كىتاب — «سەپەر كىتابى» ئۇلارغا مېھماندوستلۇق مەدەنىيىتى ۋە زۆرۈرىيەتلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇيغۇرلاردىكى «يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق»، «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېگەندەك مىڭلىغان تەمسىللەر مۇشۇ سەپەر سەرگۈزەشتىلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن.

ئۇلار، ئەتراپى ئېگىز تاغ، ئوتلۇق چۆل بىلەن قورشالغان زېمىندا ياشىدى. ئۇلار تۆت تەرەپنى بولۇپمۇ شەرق بىلەن غەرب كارۋان يولىنى ئىجادىيەت ئېقىمى دەپ بىلدى. تۆگە - ئات كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما - قوڭغۇراقلىرى ئۇلارغا ساخاۋەت ئىپادىلەش ۋە سودا - تىجارەت قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. مېھماننى، ئۇ سودىگەر ياكى راھىب بولۇشتىن قەتئىينەزەر قىزغىن كۈتۈش — ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئىپتىخارى ۋە يىپەك يولى ئالاقىلىرىدىكى بۇرچى ئىدى. بىز فاشەن، شەنجۇاڭ، گەردىزى، ۋاڭ يەندى، ماركوپولو، ئىبىن بەتۇتە خاتىرىلىرىدىن بۇنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. «غەربكە ساياھەت» ئەپسانىسى قانداق يېزىلغان بولمىسۇن، شەنجۇاڭ قۇمۇلدىن تاكى مىڭ بۇلاق تۇرك يابغۇلۇقى ئارىسىدا بۇ خىل مېھماندوستلۇقنىڭ خاسىيىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

ئۇلار، يىپەك يولىدىكى خەلقئارا سودىگەر سۈپىتىدە ھېساباتتا يېڭىلمەس ئىدى. ئۇلار يەنە، ئەنئەنە بويىچە ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا چارۋىنى چۆللەرگە ھەيدەپ بۆرە ۋە يىرتقۇچلارغا يېگۈزۈشنى ئۇدۇم بىلەتتى. ئۇلار، ھاراق ساتقاندا سۈت بويۇملىرىنى ئاقچىغا سېتىشنى رىۋا كۆرمەيتتى. ئۇلار، گاھىدا ئاۋات ھاكىمىيەت مەركەزلىرىگە «ياغدا»

دۇرا - دەرمان بەدىلسىز بولۇپ بېسىپ كىرسىدۇ، تاۋار - دۇردۇنلارنى ئات، قاشتاش، سېلىق كېچىرىمى ياكى ئېلىپ كەتمەيتتى ئۇلارنىڭ بەگ ۋە خانلىرى مەلۇم يىلدا باج - «خەزىنە بۆلۈش» نامىدا سەدىقە خاراكتېرلىك چاچقۇ چاچاتتى. ئۇلار سودا كارۋانلىرى بىلەن بىللە باشقا يۇرتتىكى بەگ - خان - پادىشاھلارغا سوۋغا - تارتۇق ھەدىيە قىلىپ تۇراتتى. بۇ خۇددى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى ئارتۇق قاننى ئېلىشقا ئوخشاش ئىقتىسادىي «مۇھىت تەڭپۇڭلۇقى» ئادىتىنى شەكىللەندۇردى. بۇنىڭسىز بالا - قازا ئىلاھلىرى غەزەپ - لىنىپ قۇترايدۇ، دېگەن ئەقىدە بۇ ئادەت بىلەن بىللە ساقلىنىپ كەلدى. ھارغان ئات - ئۇلاغنى يايلاق ياكى چۆپلۈك جايلارغا تاشلاپ قويۇپ، يىللار ئۆتكەندە تېپىپ ئالغىچە ئۇنىڭغا باشقا ھېچ كىشى ئالا نىيەتتە بولماسلىق ئادىتى تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە ساقلاندى.

غەربىي دىيار كارۋان سارايلىرى، ئاشپۇزۇل - چايخانىلىرىدا ئۈچ نەرسە — ياخشى تائام، ياخشى سۆھبەت، ياخشى كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

چاي، شېرىن ئىچىملىكلەر بىلەن مەينىڭ تۈرلىرى كۆپ، تەسىرى شىپالىق بولغان. بالبال ۋە تاشكېمىر تام رەسىملىرىدىن قىلىچ - خەنجەر ئاسقان غەربىي دىيارلىقلار-نىڭ قولىدا مەي جامى تۇتقان مەڭگۈلۈك خاتىرىسىنى كۆرىمىز. غەربىي دىيار مەي مەدە-نىيىتى لى بەي باشلىغان مەينامە نەزمىلىرىگە ئىلھام بولغانلىقىنى كىم ئىنكار قىلالىسۇن! گۈلقەنتچىلىك، مۇراببا - قىيام ۋە شەربەت تېخنىلوگىيىسى غەربىي دىيار داستىخانلىرىغا تېخىمۇ لەززەت بېغىشلىدى. غەربىي دىيار ئەسلى شۆھرىتىگە لايىق شېرىنلىك دىيارى ئىدى.

گۆش تائاملىرى — قوي، كىيىك، قۇش، بېلىق، قارا مال گۆشلىرىدىن زىخ، تونۇر، گۈلخان، قازان، قاسقاندا تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر؛ ئۇن، گۈرۈچ، پۇرچاق، كۆكتاتلار-دا ھازىرلىنىدىغان يۈزلىگەن تائام تۈرلىرى؛ سۈت بىلەن ياسىلىدىغان ھەر خىل يېمەك-لىكلەر غەربىي دىيار تائامەت گۈلزارىنى يىپەك يولىنىڭ يورۇق دۇنيادىكى «فىردەۋسۇل ئەلا» بېھىشتىگە ئايلاندۇردى. ھەر خىل پېچىنە - پىرەنىكلەر بىلەن نەچچە ئون خىل توقاچ - نانلار يىپەك يولى سەپەرلىك جابدۇنۇشىنى ئاسانلاشتۇردى. تۇرپان ئاستانە قەبرىگاھلىقىدىن ئۇنىڭ بىرقىسىم نەمۇنىلىرى تېپىلدى.

ياخشى سۆھبەت — دۇنيادىن خەۋەر تېپىش ۋە ئىلىم - ھېكمەتتىن ئۇچۇر تېپىشتىكى مۇھىم ۋاستە ئىدى. سودا كېلىشىملىرى، ھېكايەت ۋە ھاپىزلىق، ئەقلىيە ۋە نەسىھەت ئاڭلاشمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ تاكى يېقىنقى قەرنەلەرگىچە يېتىپ كەلگەن. گېزىت - رادىئو - تېلېۋىزىيە بولمىغان كونا دۇنيانى ياخشى سۆھبەت تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.

ياخشى كەيپىيات — قىزغىن مېھماندوستلۇق، نەغمە - ناۋا ۋە ئويۇن - مەسخىرە ۋازلىق ئارقىلىق شەكىللىنەتتى. سەيلى - ئايەم، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى، ئات بەيگىسى، ئوقيا ئېتىش، چەۋگەن توپى ئويناش، سارغايدى (چەرخى پەلەك)، چېلىشىش قاتارلىقلار بولۇپ تۇراتتى.

يىپەك يولىنىڭ خارابلىششى ئۇيغۇر مېھماندوستلۇقى روھىنى بىردىن نابۇت قىلالمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلكىنى چولتا قىلدى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خىل مېھماندوستلۇق روھى بىلەن تائام مەدەنىيىتى ۋە ماھارىتىنى چوقۇم يېڭى تارىخىي ھالەتكە لايىق گۈللەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

10

«كىشىلەر ھۆما قۇشىنى بەخت - سائادەتنىڭ ئەلچىسى دەپ سۆيۈنۈشتى. دەرۋەقە، ھۆما قۇشىنىڭ قۇتلۇق تۇخۇمى خەلقىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرلى ئىركەك قىلغان مەنىۋى قىياپىتى ئىچىدە پىتىلمىدۇ ۋە ئىچىلمىدۇ.»

— «خىيال دەپتىرى» دىن

**«يىپەك يولى»دىكى تۇققۇزىنچى ھېكمەت، يىپەك يولى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر مەلىكىسىدىن ئىبارەت ئىدى.** نەزەرىيىۋى تەپەككۇر — پەيلاسوپلار تارىختا زورلاپ تەقدىم قىلىۋاتقان «مەدرىسە پەلسەپىسى» بولماستىن، بەلكى ئىنسان تارىخىنىڭ ئىنسانىي ئاڭ تەرىپىدىن ئاڭلىق ئىگىلىنىش سەۋىيىسىدىن ئىبارەت. تارىخ ھازىرغىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەن ھەر بىر خەلقنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن نوپۇس، قورال كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچ ياكى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقلىي پىكىرنىڭ تاجى، روھىيەت دۇنياسىدىكى يېگانە قۇياش — نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بىر زامانلاردا يىپەك يولى نەزەرىيە تەپەككۇر ئۇتۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي پاۋىلئونى ياكى كۆرەك مەيدانىغا ئايلانغانىدى! غەربىي دىيارلىقلار مەيلى تەبىئەت، جەمئىيەت، تۇرمۇش ۋە روھىيەت مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىشتى.

جاھانساز مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئۈچ ماكان، ئۈچ زامان ئالەم قارىشىنى ياراتتى. ئۇلار: ئاسمان — ئىلاھىي ماكان، زېمىن — ئىنسانىي ماكان، يەر ئاستى — جىن - ئالۋاستىلار ماكانى، دېيىشتى. ئۇلار: ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىنى ئۈچ ئۆتكۈ (زامان) دەپ بىلىشتى. ئۇلار: ئىنسان بىلەن ھازىرقى زاماننى ئالەمدىكى مەركىزىي، پائالىيەتچان ئورۇنغا قويدى.

ئۇلار، مەنپىي - مۇسبەت قاراشلىرىنى، يورۇقلۇق - قاراڭغۇلۇق قاراشلىرىنى، بىر قاتار كاتېگورىيىلىك قېلىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئۇلار، تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇ؛ سوغۇق، ئىسسىق، ھۆل، قۇرۇقتىن ئىبارەت تۆت خۇسۇسىيەت؛ قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدادىن ئىبارەت تۆت خىلىت قارىشىنى، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى ۋە بىرلىكى قارىشىنى يارىتىشتى.

ئۇلار 12 ۋاقىت، 24 سائەت؛ 12 بۇرج 4 پەسىل 12 ئاي؛ 12 يىل بىر مۆچەل قارىشىنى ئوتتۇرىغا قىلدى.

«ئاۋىستا»دىلا ئوتتۇراقلىشىش يورۇقلۇق ئىلاھى ئاخۇرۇمازدانىڭ چاقىرىقى سۈپىتىدە غايەت زور سۇئېلىزاتسىيىلىك تەشەببۇس تۈسىنى ئالدى.

زارا ئاستىر، مانىزم تەلىماتلىرى ياخشى - يامانلىق ۋە يورۇقلۇق - قاراڭغۇلۇق كۈرەشلىرىدە ئاقىۋەت ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ غەلىبىسى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى ۋە باسقۇچى دەپ قاراشقا ئاساسلاندى.

بۇددىزم روھنىڭ ئۆلمەسلىكى، تەكرار ئايلىنىشى («سانسارا») قاراشلىرى ئارقىلىق كىشىنىڭ كامالەت (بۇددىھا) كە ياكى چۈشكۈنلۈككە يۈزلىنىشى ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق دېگەن قاراش بىلەن تاكى كامالەتكە يەتمىگىچە قايتا - قايتىلاپ تۇغۇلۇۋېرىپ ئازاب چېكىش مۇقەررەرلىكىنى ئېتىقاد ئۇلى قىلدى.

گۇمانىزم تولا ھاللاردا سوپىزم ۋە پانتېئىزملىق شەكىلدە ئىپادىلەندى. ئىنسان گۈزەللىكى، ئەقىل، بىلىم، ئىقتىدار ۋە ئەخلاق ئىزچىل مەدھىيىلەندى. ھەرقايسى گۇمانىزم، راتسىئونالىزملىق دۇنيا قاراشتىكى شائىرلار ئىزچىل بۇ ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشتى.

«ئىھسالۇل ئۇلۇم»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى»، «بەختكە ئېرىشىش توغرىسىدا»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «مەھبۇبۇلقۇپ» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىجتىمائىي پەلسەپە ساھەسىدىكى قاتار مەسىلىلەرگە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەستىكى بېغىشلىدى.

«ئالجەبىر ۋە مۇقابەلە»، «پېتولمىنىڭ ئەلمەجەستى دېگەن ئەسىرىگە تەپسىر»، «ئەلقانۇن»، «ئەششىفا»، «دانىشنامە»، «مىنېرالوگىيە»، «ئاسترونومىيىگە مۇقەددىمە»، «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر»، «يۇلتۇزلار جەدۋىلى» قاتارلىق ئەسەرلەر تەبىئەت ئىلمى بويىچە بىر قاتار نەزەرىيە تەپەككۇرى مەسىلىلىرىنى يورۇتتى.

ھەر بىر تاشكېمىر، ھەيكەل، رەسىم، مۇزىكا، ئۇسسۇل، چالغۇ قوراللىرى؛ ھەربىر دورا-نۇسخىلار؛ ھەر بىر شەھەر، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىقلار ئۆزىگە خاس ئىستېتىكىلىق، فورمالوگىيىلىك ۋە بىناكارلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىسىز مەيدانغا كەلگەن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى مۇجەسسەم پەلسەپىۋى ۋە سەنئەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا مىسلىسىز مۆجىزىلىك كامالەتكە ئېرىشكەن.

بىز مائارىپ، ئەخلاق، غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى پۈتۈن ئىجابىي ئەنئەنىلەرگە تېرەن نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئۇ خۇددى ئىلاھىي قۇدرەتتەك كۈچلۈك نەزەرىيىۋى تەپەككۇر رەھنىمالىقىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن بىز مۇنداق ھەقىقەتنى ھېس قىلدۇق:

بىرىنچىدىن، غەربىي ياۋروپالىقلار ئەل خارەزمى، ئەل پەرغانى، ئەلفارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى لاتىن ۋە باشقا تىللارغا بەس - بەستە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى.

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ساياھەتچى قىياپىتىدىكى تەتقىقاتچىلىرى دىيارىمىزدا تەكرار ئىلمىي قىدىرىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن بۇيۇم ۋە كىتابلارنى ئېلىپ كېتىشتى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ھەممە پەندە نەزەرىيىۋى يېڭىلىقلار يارىتىشىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پاراۋۇزى بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بەزى نەزەرىيىۋى كەشپىياتلىرى غەربىي دىيار ئالىملىرىنىڭ ئىشلىرى ئاساسىدا مەيدانغا چىقتى.

دېمەك، ئۇلار نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقان ۋە غەربىي دىيار ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ھەزىم قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالىغان!! دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدا بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل ئەنە شۇ يەردە.

يىپەك يولى خارابىلاشقاندا نەزەرىيە تەپەككۇر يادىكارلىقلىرى ۋەيران قىلىندى. ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى ئورنىغا ئىشانلىق خانىقالىرى، مۇدەرىسلەر ئورنىغا ئىشان - مۇرىد پىرلىرى، ئىلىم - پەن ئورنىغا نادانلىق ۋە ئەسەبىيلىك ئالماشتى. خۇددى شەيخ سەئدى ئېيتقاندەك: سۇمۇرغ يوروق دۇنيادىن قېچىپ ئەپسانىۋى جەننەتكە كىرىۋالدى، كىشىلەر خالىسۇن - خالىمىسۇن قاغا قانىتى ئاستىدا سايىداشقا مەجبۇر بولدى.

11

«بۇ دىيارنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى — ئۇنىڭ ئۆزلەش پاكى ئەرق بولۇشىنى تەرگىنلەپ تۇرغان تارىخى يولتۇزى. بۇ تۈن ئاممەت پاكى ئاپەت ئەنە شۇنىڭدا.»

— «خىيال دەپتىرى» دىن

يېقىنقى يىللاردا خەنزۇ تىلىدا نەشىر قىلىنغان ئىلھام بەخش كىتابلار ئارىسىدا «كەڭ قورساقلىق، كەڭ نەزەر» ناملىق بىر كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇنداق بىر ھېكايە بېرىلگەن: تۆت تەرىپى قېلىن تاغلار بىلەن قورشالغان بىر ماكان بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى كاتتا كاھىنلار ئەمىر - پەرمانى بويىچە سىرت بىلەن ئالاقىلاشمايدىكەن. بىرەر كىشى جىلغا ئارىلاپ سىرتقا چىقىپ كەلسە، دەرھال تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسمى نامەلۇم بىر جەسۇر، تاشقى دۇنيانى كۆرۈپ قايتىپ كېلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ «ئاكاڭ قارىغاي دۇنيادا بىرىنچى» دېگەن بىسىم ۋە روھىيەتتە ئەڭ نادان، ئەڭ كەمبەغەل ياشايدىغانلىقىنى ئېغىزدىن چىقىرىشى بىلەن «ئاسىي - جافى» دەپ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆلى جىلغىغا ئىبرەت ئۈچۈن چېچىلىدىكەن. بىر زاماندا تاغلىق بۇ ماكاندا يەر تەۋرەپ، تاغ ئۆرۈلۈپ ئاپەت يۈز بېرىپتۇ. كىشىلەر: «قاچ - قاچ» دەپ تاشقى دۇنياغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا، ئەھۋال ھېلىقى «ئاسىي - جافى» دېگەندەك. ئۇلار جاھان تىنچلانغاندا يۇرتلىرىغا قايتىپتۇ، ھېلىقى «ئاسىي - جافى» نى روھىي تىرەك بىلىپتۇ، ھەممە ئۇنىڭ خاتىرىسىگە مەڭگۈلۈك تاش قويۇپتۇ. بۇ تاشلار بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ كۆلى سورۇلغان جىلغىدا زامانىغا لايىق تاش يول پەيدا قىپتۇ. نەتىجىدە بۇ قاششاق ماكان تېز گۈللەپتۇ.


مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە غەربىي دىيارنىڭ ئەھۋالى خۇددى شۇ ھېكايىدەك بولۇپ كەلدى! ئالدىن بىشارەت قىلغانلارنىڭ ئەھۋالى پىرئەۋن زامانىدىكى مۇساغا ئوخشاپ قالدى!

مانا ئەمدى يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! تېخى خېلى كۆپ كىشىلەر ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى يېڭى يىپەك يولى ئىراسىنىڭ ئېچىلىشىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىسىمۇ، بۇ ماھىيەت ئۇلارنى كۈنلەر ئۆتۈپ ھېس قىلدۇرىدۇ.

قەدىمكى يىپەك يولى ئۈستىگە غەربىي دىيارلىق «خۇرجۇن»لار، سازەندىلەر ئولتۇرۇشقان تۆگە، سىمۋولىدا ھەيكەللەشتۈرۈلگەندى. يېڭى يىپەك يولى ئەمدى قاناتلىق تۆگە سىماسىدا ماجازلاشتۇرۇلدى.

ئۇنداقتا، ئىككى تۆگە ئارىسىدا بوش قالغان ئەسىرلەرنى — يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىلنى نېمە بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇش لازىم؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ سىمۋولى «تۆگە قۇش» دىن ئىبارەت! قاراڭ، بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپ ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان، قۇرۇق ۋە ئۇنۇمسىز مەغرۇرلىنىپ، دوڭغاقلاپ ئۆز ئىزىدىن يىراق كېتەلمەيدىغان تۆگە قۇشى روھى دەل ئۇنىڭ مۇناسىپ ئوبرازى! دوستۇم، سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، ئۆتكەن ئەسىرلەر قوينىغا نەزەر تاشلاڭ! ھىدايىتۇللا ئافاق خوجىنىڭ دالاي لاما V ۋە قونتەيجى ئالدىكى ھالەتلىرىنى، خېنىم پادىشاھ زەھەر قاچىسى تۇتقان، ئىسمائىلخان ۋە مۇھەممەدخان ئەۋلادلىرى تۇتقۇن قىلىنغان، بابا رەھىم مەشرەپ دارغا ئېسىلغان، زەلىلى چۆلدە كۆز يېشىنى سىيا قىلىپ «خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە غەپلەت نۇر ئايان بولماس» دېگەن مىسرالارنى يازغان، ئەرشى بۇرھانىددىن خوجا قىلىچى ئاستىغا چۈشكەن، چۇڭغار قوشۇنلىرى

ئالتە شەھەردىن ئەتىگە يىغقان، نۇرغۇن ئوت كەتكەن تۇمۇشلۇقتا دەردىسەر بولۇپ يۈرگەن، سادىرنىڭ بويىنغا تاقاق چۈشكەن، ۋەلىخان تۆرە قەشقەردە كاللا مۇنارى ياسىغان، ئابدۇقادىر ئەزىزى قەتل قىلىنغان، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ل. مۇتەللىپ قىلىنچ ۋە جادىدا توغرالغان، ۋابا ۋە چۇما كېسىلى يۇرتنى قاپلىغان، ھېكىمبەگلەر ئوتتۇغات كىيىپ نەشىگە بېرىلگەن، ئوغرى - قىمارۋازلارنىڭ چۇسىدەك يامراپ كەتكەن، ئانىلار سۆڭگىچى، ئاتىلارنىڭ گەجگىسى چېقىپ تالغان، جاھاننى جۇت، زاماننى زۇلمەت، ماكاننى مالامەت قاپلىغان ئەسىرلەرنى قانچە ئويلىيالىسىڭىز شۇنچە ئويلاپ چىقىڭچۇ! ئاندىن كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ، مىڭلىغان مەنبەلەردىن سىز ئۈچۈن تاللىغان تۆۋەندىكى ئىككى پارچە فوتو سۈرەتكە كۆز يۈگۈرتۈڭ!!


(1 - سۈرەت)


(2 - سۈرەت)

بۇ سۈرەتنىڭ بىرىنچىسىدە، يىپەك يولى راسا گۈللەنگەن چاغدىكى «مىڭ ئۆي» تورۇسىغا سىزىلغان كۆرۈنۈش بېرىلگەن. غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى، روھىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئۇنىڭدا يارقىن گەۋدىلەنگەن.

بۇ سۈرەتنىڭ ئىككىنچىسىدە، «مىڭ ئۆي» ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان گاداي — جۇلدۇر كىيگەن ھالەتتىكى غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ۋەكىللىرى. ئۇلارنى نادانلىق، روھىي سولغۇنلۇق شۇ دەرىجىگە چۈشۈرگەنكى، ئۇلار ئازغىنا پۇل ئۈچۈن ئەجدادلىرى بىنا قىلغان سەنئەت قەسىرىنى نابۇت قىلىشقا ياللانغان. مەغرۇر قىياپەتلىك لېكوك، گرونۋېدىل (ئولتۇرغان) قاتارلىقلار ئۆزلىرى يۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياسالغان زاماندا ئۆز ۋەتىنىدە تېخى شەھەرلەر شەكىللەنمىگەنلىكىنى ياخشى بىلىسىمۇ، ئۇلار شەخسەن بولاڭچىلىق «تۆھپە»لىرىدىن مەغرۇرلىنىپ تۇرماقتا.

مۇشۇ سېلىشتۇرمىدىن يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىش ياكى چۈشكۈنلىشىشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەقدىر ھالىتىدىكى غايەت چوڭ تەسىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ!

يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، مۇھىمى، قەدىمكى يىپەك يولىدا بەرقارار تاپقان توققۇز مۆجىزىدار ھېكمەتنى قايتا ئويلاش ۋە يېڭى يىپەك يولى جاۋاھىراتلىرىنى بەرپا قىلىشتا. خەير، ئوقۇرمەن، قايتا تەپەككۇر كۆكىدە ئۇچرىشايلى ...

ئۈرۈمچى - بېيجىڭ، نويابىر، 1992 - يىل




قەشقەر شەھىرى ياۋاغ كوچا باشقارمىسى تۆرە ياۋاغ ئاھالە كومىتېتى 4 - گۇرۇپپا 95 - قورۇدىكى غوپۇر ھاجىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش مۇھەممەت زۇنۇنغا خەت يېزىپ، «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسىنىڭ مەزمۇنىنى سورىغانىدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ «ئوقۇرمەنلەرگە جاۋاب» سەھىپىسىدە يولداش مۇھەممەت زۇنۇننىڭ غوپۇر ھاجىمغا بۇ ھەقتە يازغان جاۋاب خېتىنى باستۇق.

— مۇھەررىردىن

مۇھتەرەم غوپۇر ھاجىم ئاكا:

يازغان سالام خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانىغا ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل 4 - سانىغا بېسىلغان «نۇتۇق، مەڭگۈ پارلاق نۇر چاچىدۇ» ناملىق ماقالەمنى ئوقۇپ چىقىپ، ماقالىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق چۈشەنگەن ئاساستا كۆز قاراش ۋە مۇلاھىزىلىرىم بىلەن ئورتاقلاشقانلىقلىرى ئۈچۈن كۆپتىن تەشەككۈر. چۈنكى ئاپتور يازغان ئەسەرنىڭ ئەڭ ياخشى باھالىغۇچىسى ئۇنىڭ ئوقۇرمەنىدۇر.

خەتلىرىدە «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسىنىڭ مەزمۇنىنى سورىغانىكەنلا. بۇ ھەقتە قىسقىچە قاراشلىرىمنى قويۇپ ئۆتەي، ئۆز چۈشەنچىلىرىگە كۆرە مۇۋاپىق پايدىلىنارلا.

«مەدەنىيەت» ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، تۈركىي تىلدا «شەھەرلەشمەك» دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. ئەرەبلەر ئۇزاق قەدىمدە ئولتۇراق ۋە كۆچمەن ھايات كەچۈرگەن. ئۇلار ئولتۇراق ئاھالىنى «مەدەنىي»، كۆچمەنلەرنى «بەدەۋىي» دەپ ئاتىغان. دېمەك، ئەرەبچىدە «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسى ئەسلى لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن «بەدەۋىيەت» — كۆچمەنچىلىكنىڭ ئەكسى يەنى ئولتۇراقلاشماق — شەھەرلەشمەك بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە «ئەدەنە» (ئولتۇراقلىشىش)، «مەدەنە» (ماكانلاشماق، ئولتۇراقلاشماق) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشىدىن كېلىپ چىققان. ئەرەبلەر يىغىلىپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشنى «تەمەددۇن»، شەھەرنى بولسا «مەدىنە» دېگەن. مەسىلەن، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر شەھەر مەدىنە لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن توغرىدىن توغرا شەھەر ئۇقۇمىنى بېرىدۇ.



VII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى، جۈملىدىن، قاراخانىيلار دەۋرى (X ئەسىر) دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى نەتىجىسىدە، بىر مەزگىل خەلقئارا مىقياسىدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن ئەرەب تىلى — يېزىقىمۇ بىزنىڭ تىلىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپ، سىياسەت، ئىلىم - پەن، پەلسەپە، ئەخلاققا ئائىت بىر مۇنچە ئەرەبچە ئاتالغۇلار سۆزلۈكىمىز ئىچىگە كىرىپ، ئومۇملىشىپ كەتتى. ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقان «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزمۇ ئەنە شۇ ئاتالغۇلارنىڭ بىرىدۇر. لېكىن بۇنىڭدىن ھەرگىز مەدەنىيەتنىڭ ئۆزى بىزگە ئەرەبلەردىن ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىپ كەلگەن، دەيدىغان مەنا چىقمايدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى كىرىپ كەلگەن دەۋردە، ئۇنى ئېلىپ كەلگەن ئەرەبلەردىن ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن تارىم بوستانلىقى ماددىي مەدەنىيەتتە باي، مەنىۋى مەدەنىيەتتە ئۈستۈن ئىدى. ئىسلام دىنى يۇرتىمىزغا كىرىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆتكەن مىڭ يىللار داۋامىدا خوتەندە، كۇچادا، كىرورەندە ۋۇجۇتقا كەلگەن يۈكسەك ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت بۈگۈنكى كۈندە جاھان جامائەتچىلىكىنى تاڭ قالدۇرماقتا.

مەدەنىيەت ئاتالغۇسى ئىنگلىزچىدا «Culture» كۇلتۇر دېيىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە لاتىنچە «Cultura» كۇلتۇرا دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى — «يەر ھەيدىمەك»، «يەرگە ئېكىن تىكمەك»، «ئىشلەپچىقارماق»، «ئەمگەك قىلماق» دېگەن بولىدۇ. بۇ چۈشەنچە ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ تۈپ ۋە تېپىك مەنبەسىدۇر. زاتەن مەدەنىيەت ئەمگەك مېۋىسىدۇر.

روس تىلىدىمۇ مەدەنىيەت «Cultura» — كۇلتۇرا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزمۇ روسلارغا لاتىنچىدىن كەلگەن. روسچىدە ئۇ، بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «مەدەنىيەت» ئورنىدا ئىشلىتىلىش بىلەن بىر قاتاردا يەنە «تەربىيىلىنىش»، «ماھارەت» «مەلىكە»، «ئىلمىي-تېخنىكىي سەۋىيە»، «ئېكىنچىلىك»، «يەرگە ئىشلەش»، «زىرائەت، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

دېمەك، ھەر قاچان،ھەر زامان ۋە ھەممە يەردە مەدەنىيەت - قەبىلىلەر، خەلقلەر، مىللەتلەر، دۆلەتلەرنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، يەنى بەدەۋىيەت دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتۈش داۋامىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار ۋە تەرەققىيات دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ مەلۇم بىر دەۋردە ئېرىشكەن مۇئەييەن سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ تىلىمىزدىمۇ مەدەنىيەت باشتىن-ئاياغ ئەنە شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەتمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدۇ ۋە كامالەتكە يېتىدۇ. شۇنىڭغا يارىشا مەدەنىيەت ئاتالغۇسىنىڭ مەزمۇنىمۇ داۋاملىق بېيىپ بارىدۇ.

خېلىدىن بېرى «مەدەنىيەت» بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىلمىي ماھىيەتلىك مەخسۇس ئاتالغۇدۇر. ھازىرقى زاماندا بىزنىڭ تىلىمىزدىكى مەدەنىيەت ئاتالغۇسىنى كەڭ مەنىدە مىللىتىمىز ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ رېئال ماددىي - مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى، دەپ چۈشىنىمىز. تار مەنىدە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىمىز ۋە بۇنىڭ بىلەن باغلىق بولغان تۈزۈملىرىمىز، تەشكىلىي مۇئەسسەسەلىرىمىزنى چۈشىنىمىز. ھازىرقى مەدەنىيىتىمىز شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتۇر.

ھۆرمەت بىلەن: مۇھەممەت زۇنۇن





ئەختەم ئۆمەر

# ئارىمىزدا مويسىپىتلەر ئاز ئىدى ...

## — مەرھۇم ئۇستاز يازغۇچى تۇردى سامساق ئاكىمغا قايغۇرىمەن

(خاتىرە)

ئەزىم دەريالار كالىنىڭ كۆزىدەك كىچىككىنە بۇلاقلاردىن باشلىنىدۇ. ئاققانچە زورىيىپ ھەيۋەتلىك ئېقىنغا ئايلىنىدۇ. قەلەمكەشلەر قوشۇنى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. بۇ ئېقىننىڭ بېشى چۆمۈلىنىڭ ئۇۋۇسىدەك قىستاڭچىلىق، دېھقان بازىرىدەك قايناق. ئاخىرى قانداقتۇ، دەپ نەزەر سېلىپ ئوتتۇرا ئېقىنغا قارىساق ئارىسالدىچىلىق. ئاخىرىغا قارىغۇدەك بولساق، تىلغا ئالغۇدەك، ئەستە قالغۇدەك، بارماق بىلەن سانىغۇدەك چوڭ ئىش يوق. ئەتىيازدا ئېتىزغا مايسا يۇڭدەك ئۈنۈپ، ھوسۇل يىغىدىغاندا خاماندا داننىڭ تايىنى بولمىغاندەك ئىش.

مەرھۇم ئاكىمىز بالىلىق چاغلىرىدا بەش كېرەم باغلىرىغا سىغماي، تونۇردەك قىزىغان شېغىللىق سايلارنى يالىڭاياق كېزىپ، ھەق - ئادالەت ئىزدەپ، جەنۇبنىڭ تاقىر

تاغلىرىدىن ئېشىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى گۈزەل يايلاق، قارىغايلىق، قار - مۇزلۇق چوققىلاردا قاڭقىپ، ئاخىرى ھەق - ئادالەتنىڭ مەيلى قەيەردە بولىسۇن كۆرەشجان ئىكەن ئىلىشىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان مۇقەددەس نەرسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، شىمالىي تەڭرىتاغ ئېتىكىدە ياڭغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا «ھۆررا» توۋلاپ، قان كېچىپ، سەپ يېرىپ، ئات ئوينىتىپ غازى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە ناھايىتى تەستە ئېرىشكەنىدى. بىزدە ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ غازى بولغان بىر ئادەم ئىدى. پىلىموت، تانكا، ئايروپىلان، زەمبىرەك ئوقلىرى ئارىسىدىن ساق چىقىپ، بىر قارانىيەت، نازۇك بارماقنىڭ تىغىدا جان بېرىش — ئاللا بىزگە ئورۇنلاشتۇرغان ھەيرانلىق. مەيلى قانداقلا گەپلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر رېئالىستىك پىروزىسىغا تۆۋرۈك بولغان يازغۇچى دېيىشتىن ئايانمايمەن. ئۇ، بالىلىق دەۋرىدىمۇ دۇنيانىڭ قاتتىقچىلىقى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ تۆۋەن، بىچارە، نامراتلىق كۈنلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئالتۇندەك ياشلىقىنى شۇ خورلۇق ئۈچۈن جەڭلەردە قۇربان قىلدى. قىران چاغلىرىنى تۈرمىلەردە، سۈرگۈنلۈكتە، مەدىكارلار كوچىسىدا، قوم - شېغىل ئازگاللىرىدا ئاچلىق، سوغۇق، ئېغىر ئەمگەكتە ئۆتكۈزسە، كېچىلىرى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سىياھ قىلىپ، ئەل — ۋەتەن غېمىدا قەلەم تەۋرەتكەنىدى.

ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات قوشۇنىدا تۆھپىكار مويسىپىتلار، ساھىبقەلەم ئۇستاز مۇئەللىپلەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئاز قالدى - بەكلا ئاز قالدى. ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشۋالىرى، مۆھتىرەم ئاتىلىرى، تەۋەررۈك كىشىلىرى — بىشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان ئەزىز مېھمانلىرىمىز. ئۇلار ئۆز ئۆمرىنىڭ تەگىدىن تولىسىنى تولىمۇ ئېغىرچىلىق، رەنجى - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن كۆپ خورلۇق، ئېزىلىشكە ئۇچراپ، بىر قەدەر ئىنسانىي كۈنگە ئېرىشكىلى ئۇزاق بولىسىدى. «تەڭرىتاغ باغرىدا»، «بەش تال ئوق»، «قەشقەر گۈزىلى» ... مەن قايتىلاپ ئۆگەنگەن سەرخىل ئۇيغۇر يازغۇچىلار يازمىلىرى ئىچىدە يۈرەكتىن ئورۇن ئالغان ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارى ئىدى. مەن دېسەممۇ، كىتاب ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر جامائەتلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ قانچىلىغان نادىر ئەسەرلەر، توم - توم كىتابلارنى يېزىپ تەقدىم قىلغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئۇ، ھەق ئۈچۈن سەمىمىيلىك بىلەن سۆزلىدى. ئۇ، ھەق ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ لەر قىلدى. ئۇ، ھەق ئۈچۈن ئەللىك يىل يازدى.

بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن قىنى قىزىق بىر ياش ھەۋەسكار بىلەن تىركىشىپ قالغىنىم ئېسىمدە.

— تۇردى ئاكام قېرىغاندا سۈپىتىنى ساقلاپ ئولتۇرماي ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈۋالدى.

— نېمە بولدى؟

— سېتىقچى بولۇۋالدى.

— نېمە ساتىدىكەن؟ — چۆچۈپ كەتكەنىدىم.

— تىجارەتچىلەردىن رەخت ئېلىپ ساتىدىكەن.

— شۇنىڭ بىلەن ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتىما؟

— چۈشمەي ئەمسە.

— سىزچە نېمە ئىش قىلسا بولاتتى؟

— ھۆرمەتلىك يازغۇچى بولغاندىكىن، يەنە ئەسەر يېزىشى كېرەك - تە.

— ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئەللىك يىل قەلەم تەۋرەتتى. نۇرغۇن كىتاب يازدى. قۇرۇمايدىغان بۇلاق يوق. دۇنيامۇ ئاخىر تۈگەيدۇ. ئۇ ئادەم ئاتمىشتىن ئاشتى. يازىدىغان ئىشمۇ كۆچ - مادارغا باقىدۇ. هاردى، چارچىدى. قېرىغان ئادەمدىن تاما قىلىش، غىچە، سىلى - بىزدەك ياشلار يازغىنىمىز ياخشى. مېنىڭچە، ئۇ ئادەم ئەڭ ئوبدان ئىشقا تۇردى.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— چۈنكى، ئەمدى ياش چېغىدىكىدەك يازالمىغاندىكىن، ئەدەبىيات سورۇنىغا مەنمۇ ئەخلەت تۆكمەي دەپ ئۆزىنى ئايىغاندۇ. يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئادەملەرنىڭ روھىيىتىنى گۈزەللەشتۈرەي دەپ قەلەم تۇتقان بولسا، ئەمدى ئۇستىبېشىنى گۈزەللەشتۈرەي دەپ كىيىم-كېچەك ساتقاندۇ. ساتسا رەخت سېتىپتۇ، بەزى مۇناپىق ئادەملەردەك ۋىجدان ساتماپتۇ.

— بۇغۇ راست. ئەمما، يازمىسىمۇ، هۆكۈمەت بەرگەن پۇلنى خەجلەپ، بارغا شۈكرى قىلىپ، قېرىغاندا ئۆزىگە جاپا تېپىۋالماي، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزسە تازا هۇرمەتلىنەتتى - دە.

— بۇ گېپىڭىزمۇ راست. لېكىن شۇنى دەپقوياي: يازغۇچى ئەڭ ئاۋۋال ئادەم بولۇشى، ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئادەمدەك تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك. نامراتلىق، گادايلىق ئىچىدە ياشاپ يازغۇچىلىق قىلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئاجىزلىق. لېكىن يازغۇچىلارنىڭ كۆپى مەدىكار بىلەن دېهقان ئوتتۇرىسىدىكى تولىمۇ بىچارە بىر خىل تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۇ، گاداي، پېقىر تۇرمۇشقا پىشىپ كەتتى. ئەمدى هازىرقى زاماندىكى باياشادلىققا يۈزلىنىۋاتقان يېڭىچە قىممەت قارىشىغا ئىگە ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى تېتىپ كۆرمىسە، ئۇنىڭدىن هازىرقى زامان ئادىمىنى يازغان نادىر ئەسەرنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. يازغانلىرى پەقەت ئاچلىق، گادايلىق، بىچارىلىق هەققىدىكى شىكايەتنامىدىن هالقىيالمايدۇ. يازغۇچىلار ئادەمدەك ياشىشى كېرەك.

بىزدە يازغۇچىلىق نامراتلىق ئىچىدىكى بىر سۈنئىي رېئاللىق. شۇڭا، جەمئىيەتتە ئۇنچىۋالا ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇنى تۇردى سامساق ئاكا ئۆمۈر بويى قەلەم تۇتۇپ ياشاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى.

تۇردى ئاكا، ماڭا نۇرغۇن ئارمانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز. قەلىمىڭىز تېخىچە ياشلىقىنى يوقاتمىغان قېرى تۇلپاردەك يورغىلاپ، چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەشهۇر سەركەردىسى توختى مانجۇ هەققىدىكى رومان بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانىدىڭىز. هازىر قانچىلىك يازغان بولغىيدىڭىز؟! قان كېچىپ جەڭ قىلغان سەپداشلىرىڭىز — مەرهۇم زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئابدۇكېرىم خوجا، ئاشۇ توختى مانجۇلارمۇ نۇرغۇن ئارمانلار بىلەن كەتكەنىدى، بۇ چاغقا ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەنسىز. بىز تىرىك تۇرۇپ ئارمانلارنى يېزىپ بولالمايۋاتىمىز. هەقىچان ئارمانلار ئوتىدا كۆيۈپ، بۇ دۇنيادىن سىزگە ئەگىشىپ بارىمىز.

ئەي مويسىپىت ئاتىلار ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار، ئۆمرۈڭلارنى بەرگەي. بىزنىڭ سورۇنىمىزدا سىلەر بولمىساڭلار يېتىملىكىمىز چوقۇم چېنىپ قالىدۇ.

1992 - يىل 18 - ئىيول، قەشقەر

## توغراقلىق رىۋايىتى

تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىنى ئەڭ دەسلەپ بويسۇندۇرغىنى، ئاشۇ بىرى قېرىپ يىقىلسا، مىڭ يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىقىدىغان ئەڭ چىدامىلىق، سەۋرچان، باتۇر توغراقلار ئىدى.

ئاشۇ سۇيى يوق، مېھرىسىز چۆۋاندەك
چەكسىز قۇمنىڭ باغرىنى يېرىتىپ، ئوق
يىلتىزىنى ئۇنىڭ تۇپرىقىنىڭ بولاي دېگەن
يەرلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۆزىگە يەر قىلغىنى
ئاشۇ سۆيۈشنى بىلىدىغان توغراق ئىدى.
مانا شۇ توغراقلار قۇملۇقنىڭ كۆكسىدىن
چۇشمەي بارلىق ھاياتلىقنى بۇ يەرگە ئاپ-
رىدە قىلدى. مەكىتنىڭ شىمالىدا «تۇمەن-
تال» دەپ ئات قويۇلغان، توغراق روھى
سىڭگەن، ئەقىللىق، مەردانە ئادەملەر ياشايدىغان
بىر يۇرت بار. بۇ يەردىكى گىرەلىشىپ ئۆسكەن
قويۇق توغراقزارلار قۇشلار ئارىلاپ ئۇچۇپ
ئۆتەلمەيدىغان ئاجايىپ سۈرلۈك ھەم سىر-
لىق تەبىئىي تەكلىماكان توغراقلىقىنىڭ
غەربىي شىمالىي تەرىپى باشلىنىدىغان جايى
ئىدى. ئادەم كۈندۈزى توغراقلار ئارىسىغا
يالغۇز كىرىپ قالسا، قورققۇسى كېلىدىغان
دەرىجىدە سۈرلۈك ئىدى. ئادەملەر توغراق-
تىن كېيىن بۇ يەردە توغراقلىقنى چۆرىدەپ
ماكان تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرت ئەنە
شۇنداق «تۇمەنتال» دەپ ئاتالدى. توغراق
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان دەرەخ بولغاچقا،
بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ يىلتىزىدىن
تۇغقان باللىرىنىڭ قوۋزاق، شاخلىرىغا
تازا سىنچىلاپ قاراپ توغراقنىڭ يېشى-
نى، تۇغقان باللىرىنىڭ سانىنى ساناپ
بىلىۋېلىپ، يۈز بالىسى بار، يېشى ئۇچيۈز-
دىن ئاشقان توغراقنىڭ تۈۋىنى كولاپ،
ئوق يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن
ئېتىلىپ چىققان سۇترەڭ، چۇچمەل، مۇز-
دەك سۈيىنى ئىچىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ
ئادەم روھىي جەھەتتىن مۇنداق خاسىيەت-
لەرگە ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، بالىنى كۆپ
تاپىدۇ. تاپقان باللىرى كۈچلۈك، باتۇر،
قورقۇمسىز، چىدامىلىق، سەۋرچان بولىدۇ؛
ئىككىنچىدىن، بۇ ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن
بولىدۇ. بالدۇرلا ئۆلۈپ بەرمەي نۇرغۇن
ئىشلارنى قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كېسەل
بولمايدۇ. بۇنىڭ سىر - ھېكمىتىنى ھازىر-
قى زامان ئىلىم - پەنى بايقىمىدىمۇ ياكى
چولىسى تەگمىدىمۇ، بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ
يەردە شۇنداق ئەقىدە بار. بۇ ئەقىدە بۇ
يەردە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئار-
قىلىق ئىسپاتلانغان. ئادەملىرى توغراقتەك
يوغان، كۈچلۈك، جاپاغا چىدامىلىق. باللى-
رىمۇ كۆپ. يەتمىشتىن ئاشقاندىمۇ ئۆز
يېشىدىن 10 — 15 ياش كىچىك كۆرۈنىدۇ.
يۈز ياشتىن ئاشىدىغانلار كۆپ. يۈز ياشتىن
ئاشقان بوۋاي - مومايلار گۈرسۈلدەپ
دەسسەپ ئىش قىلىۋاتسا، مەشرەپ ئويناۋات-
سا، چاچ - ساقاللىرى تۈزۈك ئاقارمىغان،
چىشلىرى مىختەك، چىرايى نۇرلۇق تۇرسا
ھەتتا كىچىك باللارمۇ ئۇلارنى بۇ يەرنىڭ
ئادەت سۆزى بويىچە «قېرى توغراقنىڭ
سۈيىنى ئىچىۋالغانىكەن» دېيىشىدۇ. بۇ ئەقى-
دە راست ئاشۇ توغراقنىڭ ھېكمىتىدىنمۇ
ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ؟ ئەجەبا ئەسىرلەر
داۋامىدا خەلق بۇ ھېكمەتنى توغراققا باغ-
لاپ كەلدى. بۇ تۇپراق، سۇ، ھاۋادا قان-
داق ھېكمەت باردۇ، دېگۈم كېلىدۇ. لېكىن
مەن يۈز غۇلاچ ئېگىزلىكتە — قاغجىرىغان
قۇم چوققىسىدا مەغرۇر ياشىرىپ تۇرغان
توغراققا قاراپ، ئاتا - بوۋىمىز توغراقتىكى
بۇ سىرلىق ھېكمەتنى خاتا بايقىمىغانى-
كەن - دە، دەپ ئويلايمەن. توغراق
سۈيىنى ئىچىۋالىدىغان ئىشلار ھازىرمۇ
ئاشۇ توغراق بىلەن ياشاۋاتقان خەلق
ئارىسىدا داۋاملىشىۋېتىپتۇ.

مەن يېقىندا بۇ يەردە، بىرى يەت-
مىش ئىككىگە كىرگەن، يەنە بىرىمۇ يەت-
مىشكە بارغان، ئەمما ئۇلارنىڭ يېشىغا
ئادەمنىڭ ئىشەنگىنى كەلمەيدىغان ئىككى
بوۋاي بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بۇ دۇنيانىڭ بىزدەك
كۆدەك بىلەرمەنلەرنى تاڭ قالدۇرغان سىر-

ھېكمەتلىرىدىن ھەيران بولدۇم. ھېلىقى يەتمىش ئىككى ياشلىق بوۋاي ئالدىمىزدىكى ئىككى ئاي ئىچىدە يىگىرمە بىر ياشلىق چوكان بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى دەپ مېنى تېخى تويغا ئېيتتى. مەن ئىشەنمەي چاقچاق قىلىپ كۈلسەم، بوۋاي مېنى تولىمۇ جايىدا كەلگەن چاقچىقى ھەم مويسىپىتلەرگە خاس سەمىمىيلىكى - راستسۆزلىكى بىلەن ئىشەندۈردى. ئەتراپتىكىلەرمۇ بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى. يەنە بىرى، يەتمىشتىن ئاشتىم دەيدۇ، چاچ-ساقىلىدا ئاق يوق، چىشلىرى مىختەك. ئۇ، مەشرەپتە ئۇسسۇل ئويناپ ئاخىرى مېنى يېڭىپ، يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇۋېدى، ئىزادىن ئۆزۈمنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدىم.

ئۆز كېيىمىزگە كېلەيلى. ئاشۇ خاسىيەتلىك توغراق ئورمانلىقى ئەسىرلەپ تەكلىماكاننى بويسۇندۇرۇپ، سەلدەك دەۋرەپ، ھاياتلىقنى باسمەن دەۋاتقان قۇم دېڭىزىنى توسۇغۇچى پالۋان. ئادەملەر كۈندۈزدىمۇ ئۈنسىك ئىچىگە كىرىپ قېلىشتىن قورقىدىغان، كائىناتنىڭ مىڭ - تۈمەن خىل ئەزالىرىغا ماكان بولغان بۇ قەدىم، سىرلىق جاي ئادەملەرنىڭ ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ، مېڭىسى قىزىپ كەتكەن ھېلىقى ئاتالمىش پولات تاۋلاش يىللىرىدا پۈتۈنلەي ئۆرتۈلۈپ، خۇددى تۇمشۇق سارايىدىكى شەھىرى بەر - بەر، شەھىرى خەر - خەر ئوت دېڭىزى ئىچىدە قىرىق كېچە - كۈندۈز كۆيدۈرۈلگەندەك، يېرىم يىل ئىچىدىلا كۆيۈپ تۈگەپ، ھېلىقى باش كۆتۈرەلمىگەن كۆرۈمسىز قۇم چوققىلىرى مەغرۇر چوقچىيىپ چىقتى. يۇرت يالىڭاچ قالغان ئادەمدەك دوگىيىپ چىقىپلا قالدى. بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئەسىرلەپ ئۆزلىرىنى ئاپىرىدە قىلغان يۇرت ئاتىسىنى كۆيدۈرۈپ، شۇنچە كەڭرى، سەلتەنەتلىك بۈك - باراقسانلىقىنى ئۆرتەپ، مىڭ - تۈمەن خىل ئۇچار - قاناتلارنى تۇخۇم باسقان ئۇۋىسى بىلەن دوزاخقا تاشلاپ، سان - ساناقسىز كېيىك، بۇغا، جەرەن، توشقان، تۈلكە، قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەرلەرنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ، بىر تال يىڭنە چاغلىق پولاتقا ئېرىشەلمەي، كۆل، داشقال دۆۋىسىگە قاراپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قېلىشتى. سۈيىنى ئىچسە قىزنى كۆپ تاپىدىغان ئاچچىق تال، سۈيىنى ئىچسە ئوغۇلنى جىق تاپىدىغان قاپاقتال ... تال ... تال ... تاللار ... ھېچقانداق تالدىن ئىز قالمىدى.

زېمىندا توغراق قالمىدى، ئۇزاققا قالماي يۇرت قۇرۇپ قۇملاشتى، شورلاشتى. يولدا ئۆلۈك توپا سۇدەك ئاقتى. بىر ماشىنا يولدىن ئۆتسە يەتمىش پاتمان توپا ئالەمنى بوشلۇققا توزۇپ، چېھرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنى ھازىرلا گۆردىن ئاچقان مىڭ يىل بۇرۇنقى مومىيا جەسەتلەر ھالىغا، ئۆز تەبىئىيتىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن پارقىراپ ئۇچۇدىغان ئۇچار قاناتلىقلارنى چالما ئۇچۇۋاتقاندەك، چىرايلىق مالچارۋىلارنى پۇچۇق، خارابە تاملار مېڭىۋاتقاندەك قىياپەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. مانا بۇ كۆز ئالدىمىزدىكى پاجىئەلەر — پۈتكۈل ئالەمنى يەپ، خورۇتۇپ، ئاخىرى بىر - بىرىمىزنى يەپ تۈگەتىدىغان ئەڭ ئەقىللىق ھەم ئەڭ ئەقىلسىز يىرتقۇچ بولغان بىز ئادەملەرنىڭ ئۆز شەخسىي نەپسىمىز ئۈچۈن بارلىق كائىنات ئەزالىرىنىڭ رىزقىنى ياۋۇزلۇق بىلەن ۋەيران قىلىشىمىزدىن پەيدا بولغان ئېچىنىشلىق سۇنئىي خارابىلىق ئىدى. بىز بىلىدۇقكى، ئۆز رىزقىمىزدىن باشقا، بۇ تۇپراقتىكى ھەر بىر قامغاق، ھەر بىر ئۆمۈچۈك، چۈمۈلىنىڭمۇ مۇشۇ زېمىننىڭ

تەبىئىي قانۇنلۇق ئەزاسى سۈپىتىدە
ياشاش ھوقۇقى بار ئىدى. بىز ئۇلارنى
دەپسەندە قىلىۋىدۇق، ئۆزۈمىز ھەم رىزقىـ
مىز، ھاياتلىق ماكانىمىز توپان ئاستىدا —
ئاشۇنداق خارلىق ئىچىدە قالدى.

ئەسلىدە بوغداي تۆۋىنچە باشاقلاپ دان
تۇتىدىكەنتۇق. يەنە شۇ ئىنسانلار ئۇنى
بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلغاچقا، ئاللانىڭ
غەزىپى كېلىپ بۇغداينى زېمىندىن ئېلىپ
كەتمەكچى بولۇپ باشاقلىرىنى سېرىپ ئۈچـ
غا كەلگەندە ئىت يىغلاپتۇ:

«— ئى رەھىم - شەپقەتلىك ئاللا ئىگەم، سەنـ
دىن تىلەي، مېنىڭ رىزقىمنى بولسىمۇ
قويۇپ قويساڭ.

ئاللانىڭ ئىتقا رەھمى كېلىپ، بۇغداينىڭ
ئاشۇ كىچىككىنە ئۇچىدىن باشاق قويۇپتۇ.
بىز كائىناتتىكى ئۆزىمىزگە تېگىشلىك رىزـ
قى - نېسىۋىمىزنى بۇزۇپ، ۋەيران قىلىپ،
ھازىر كائىناتنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ رىزـ
قىنىمۇ بۇزۇپ، يوقىتىپ، ۋەيران قىلىۋاتىـ
مىز. كائىنات ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەزالىرى
چەكسىز سەۋرچانلىق، چىدامىلىق بىلەن
ھاياتلىقنى ئاسراش بىلەن بولۇۋاتىدۇ.
توپان ئاستىدا قالغان بۇ زېمىندا ئاشۇ
قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ۋە باشقا تەبىئەت
ئەزالىرىنىڭ ئاللادىن تىلىگەن مەدىتى
بىلەن، ئۆرتۈۋېتىلگەن قۇم، شور باسقان
زېمىندىن ئۆزى ئۆلسىمۇ، روھى، يىلتىزى
ئۆلمىگەن چىدامىلىق توغراقلار يەنە بىر ـ
بىرلەپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا ـ قەدىمىي،
سالتەنەتلىك تاللىقلارنى پەيدا قىلىشقا باشـ
لىدى. مانا بۇ، ھاياتنىڭ ئەسلى ئىلاھىي
تەبىئەت بەخش ئەتكەن قانۇنى ئىدى.
بۇ قانۇنىيەت ھامان ھەممىنى كۈچ ـ قۇدـ
رەتلىك ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. جاراھەت
ساقايسىمۇ تارتۇق قالغاندەك، بۇزۇلغان
نەرسە ئوڭلانسىمۇ، ئەسلىدىكىدەك بولۇشى
ئەس. ئۇنىڭ مەلۇم يەرلىرىدە ئاشۇ ئازابـ
خورلۇقلارنىڭ ھامان ئىزى قالىدۇ. توغراقـ
لارنىڭ تۇمەنلىگەن ياش تال كۆچەتلىرى
كۆز يەتمەس قۇم بارخانلىرىنىڭ يېقىمسىز،
قۇرغاق كۆكسىدە ئۈنۈپ چىقتى — قوتۇر
ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدەك سەت شورلۇق بېشـ
دىن ياپپېشىل ھاياتي كۆچكە تولغان
ياش تاللار بۆسۈپ چىقتى. مانا بۇ كۆرۈـ
نۈشلەر — بۇ سۈسىز چۆل كۆرۈنۈشلىرى بۇ
بار يەردە بوستان بولغان دەرەخلەرنى
كۆرۈپ كۆنگەن كۆزلەرنى ۋە شۇ
مەنتىقە ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەنـ
ئەنىۋى ئاڭنى ئالدىراپ ئىشەندۈرەلمەيدۇ.
قۇم چوققىسىدا، قاقاس چۆلدە دەرەخ
ئۆسۈش ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنى ساقـ
لاپ كەلگەن زامانىۋى ئادەملەرنىڭ تەسەۋـ
ۋۇرىغا قانداقمۇ سىغسۇن؟ ئۇلارنىڭ قارىـ
شىچە، سۇ بار يەردە ھەممە ھاياتلىق ياشىـ
رىپ قەھرىمان بولىدۇ. سۈسىز قۇمدا ھايات
ياشاشنىڭ ئۆزى قالتىس مۆجىزە — باتۇرـ
لۇق ئىدى. ئىنسانىيەت ئاجايىپ مۇرەككەپ
تارىخىي بۇرۇلۇش دوقمۇشىدا شىددەتلىك
رىقابەت تاللىشى دەۋرىگە دۇچ كەلگەن
پەيتتە، تىنچ ئەمگەكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتـ
قان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى تۇپرىقىـ
نىڭ ئاشۇ تەكلىماكان قىسمىدا «تۇمەنتال
چېچەكلىرى» دەيدىغان پەسىللىك بىر ئەدەـ
بىي ژۇرنال قۇملۇق كۆچىتى بولۇپ دۇنياـ
غا كەلدى. بۇ بوۋاق تەبىئىي تۇغۇلغان
بولغاچقا، تولىمۇ ئوماق ئىدى. لېكىن
كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئېگىز
قۇم بارخانى چوققىسىدا توغراق ئۈنگەنگە
ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگەندەك، ئاشۇ توغراق
يىلتىزىنىڭ روھى سىڭگەن بىر ئەدەبىي
ژۇرنالنىڭ — تەكلىماكان ئىچكىرىسىدە
قۇم بىلەن ئېلىشىپ ياشاۋاتقان خەلق
ئىچىدە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت بەلگىسى

بولغان بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ دۇنياغا كېلىشى، زامانىۋى ئىلىم - مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە كىشىنىڭ ئېڭىغا سىغمايدىغان ئىشەنگۈسىز ھادىسە ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، زىيالىيلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئالىملار، مۇھەررىرلەر ھەيرانلىق ھەم خۇشاللىق بىلەن رەسمىي ژۇرناللاردەك مەتبەئە تېخنىكىسى يۇقىرى، ئەسەرلىرى خېلى سۈپەتلىك نەشىر قىلىنغان بۇ ژۇرنالنى كۆرۈشتى. «بىر يېزىنىڭ مۇشۇنداق ژۇرنال نەشىر قىلغىنىغا ئادەمنىڭ ھېچ ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ.»، «ئۇنى - بۇنى دەپ قاقشاشقا ئادەتلىنىپ، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قاپتۇق، ئادەم كۈتمىگەن مۇشۇنداق تاسادىپىيلىقلار بىزنىڭ سۈپىتى كۈندىن - كۈنگە روشەن ھالدا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەملىرىمىز ئارىسىدىن چىقىۋاتىدۇ. ئاشۇ قۇملۇقتا يەنىلا ئۈمىدلەنگۈدەك روھ باردەك تۇرىدۇ» دېيىشتى. دەرەخنى كۆكلەتكەنمۇ يىلتىز، ئۇنى كۆركەم قىلغانمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان چوڭقۇرلۇققا پاتقان يىلتىز. ئۇ، قارىماققا كۆرۈمسىز. مۇنداق قارىماققا، ئۇنىڭدىن ئەھمىيەتلىك بىرەر ئالامەتنى بايقاش تەس. ئەمما ئۇنىڭ قۇدرەتلىك روھى، تەڭداشسىز ئىچكى كۈچى سەلتەنەت يېغىپ تۇرغان شاخلىرىدا جۇلالىنىدۇ.

«تۇمەنتال چېچەكلىرى» ژۇرنىلى دۇنياغا كېلىپ ھەيران قالغان كىشىلەر ئۇزاققا قالماي ئۇنى كۆكلىتىپ چىقارغان يىلتىزنى بىلىۋېلىشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ۋە ھەرقايسى مەرىپەت گۈلزارلىرىدىكى زىيالىيلار، يازغۇچى - شائىرلار، مۇھەررىرلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە سانسىز ئوقۇغۇچىلاردىن قار ياغقاندەك خەتلەر، سالاملار بۇ يىلتىزغا كېلىپ چۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئويلىغان، ئۇنى ئاغزىدا ئەمەس دىل ھەممىتىدە قوللىغان بۇ يىلتىزغا ئەل نامىدىن رەھمەتلەر ئېيتىلغانىدى. بىر پېشقەدەم ئالىم كاتتا زىيالىيلار يىغىلغان چوڭ بىر سورۇندا: «ئۇ كىشى بىر يېزىنىڭ باشلىقى ئىكەن، ئەگەر بىزنىڭ بۇ ئەلدە ئاشۇنداق يېزا باشلىقىدىن يۈزى، ئاشۇنداق ناھىيە باشلىقىدىن ئەللىكى بولغىنىدا، كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئىقتىدارى ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى» دېدى.

بۇ گەپ كاللىسى سەگەك ئادەم ئۈچۈن بەك زۆرۈر گەپ ئىدى. بۇ، ئاشۇ كىشىگە خەلققە ۋەكالىتەن بېرىلگەن ھەق مۇكاپات ئىدى.

بۇ زېمىندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، پەلەكنىڭ تەڭشكى بۇزۇلۇپ، ئاپەتلىك يىللار باشلاندى. ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئاۋات، سىرلىق، قايناق كوچىلىرىدا چوڭ بولغان مىڭلىغان زىيالىي ياشلارنى قىسمەتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئۇچۇرۇپ، بوستانلىق شەھەردىن تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇلار ئۆمرىدە كۆرمىگەن قۇم دېڭىزىنى كەزدى، توغراق دەرىخىنى قۇم چوققىسىغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن كۆردى. يەپ كۆرمىگەن تاماقلارنى يېدى. نازۇك تەبىئەتلىك شەھەر باللىرى ئىنسانىيەتنىڭ مۇنداقمۇ ياشاۋاتقانلىقىغا شۇ چاغدا ئىشىنىپ، دەسلەپ ھۆكىرەپ يىغلاشتى. ھاراق ئىچىپ سەپراسى تۇتۇپ پومىداقلاشتى. ئاز كۈندە ئۇلارنىڭ ئاق پوسىلاق، يۇمران يۈزلىرى توغراق قوۋزاقلىرىدەك كۆرۈمسىز، يىرىك، چەك بولۇپ قاتتى. يۇمشاق ئاق قوللىرى يۇلغۇن تاللىرىدەك قېتىپ پىشتى. ئۇلار سېپى

ئۆزىدىن يەرلىك كىشىلەردىن بولۇپ قېلىۋاتقانىدى. قەشقەرنىڭ ئاشۇ زىيالىي ياشلىرى ئارىسىدا بويى ھەممىدىن پاكار، چاققان، قولىدىن ھەق ئىش كېلىدىغان، چىداملىق، چىقىشقاق، ئېغىر - بېسىق بىر بالا بار ئىدى. ھەممىدىن ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتى، چىرايلىق خەتلىرى، ئىش قىلىشتىكى تەدبىرى، گەپ - سۆزلىرىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكى كوممۇنا باشلىقلىرىنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىدى. يېزا ئۇچۇن بۇنداق ئادەم تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئېتىزدىن — ئۆزىدىن يوغان كەتمەن چېپىۋاتقان يەردىن كوممۇنا ئورگىنىغا ئەكىلىۋېلىشتى. دىقماق، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بۇ بالىنى كۆرگەن كوممۇنانىڭ كەپتان، قوپال ئەمما ئەقىللىق، ساۋاتسىز باشلىقى سېرىق چىپەرقۇتتەك يۈزىنى سىلاپ، كۆپ-كۆك كۆزىنى قىسىپ، ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ چىقتى.

— ئاتاڭ ساڭا قانداق ئات قويغانوي؟

— ئەكبەر.

— ئاتاڭنىڭ ئېتى نېمە؟

— ھەيدەر.

كوممۇنا باشلىقى يېنىدىكىلەرگە:

— مەن تېخى ئويۇنغىلى كەلگەن بالىمىكىن دەپتىمەن. ھېلىقى چىرايلىق خەتنى مۇشۇ بالا يازامدۇ؟

— ھەئە.

— ئۆزۈڭدىن چىرايلىق خەت يازىدىكەنسەن. خېلى چوڭ مەكتەپنى تۈگىتىپسەن. قەشقەرنىڭ نېنى كىچىكمۇ، يا ئاتاڭ نانىنى ئاز بەردىمۇ، ھېچ چوڭ بولالماپسەن بالام. تۈمەنتاللىقنىڭ ھەممىسى گالغا نان تاپىمىز دەپ كېچە - كۈندۈز دولقۇن قىلىدۇ. ئاسمىنى كەڭ يەردە نانىنى جىق يەپ چوڭىيىۋال. توغراقتەك ئادەم بولۇپ قەشقەرگە بار.

— توغراقتەك بولسا قەشقەرگە ئەمەس تۈمەنتالغا يىلتىز تارتمىسا تۇتمايدۇ.

باشقىلار كەپ قوشتى.

— خەت يېزىپ باقە قېنى.

ئەكبەر ھەيدەر بۇ تولىمۇ چېچەن، ئەقىللىق ئادەمنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئادەمگە بىر قاراپلا ھەممىنى بىلىۋالىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، شۇ چاغلاردا ئەڭ بازارلىق بولغان جاراڭلىق جۈملىلەردىن بىر قانچىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن چىرايلىق قىلىپ قەغەزگە تىزىپ بەردى. باشلىق خەتنى تەتۈر تۇتۇپ خۇددى ئوقۇۋاتقاندەك بېشىدىن ئايىغىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئەتراپتىكىلەر ۋە ئەكبەرنىڭ ئىچ - ئىچىدىن كۈلكىسى قىستاپ تۇرسىمۇ، كۈلۈشكە جۈرئەت قىلالماستىن جىممىدە قاراپ تۇرۇشتى. بۇ سەزگۈر ئادەم ئۆزى خەتكە قاراپ تۇرسىمۇ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كەيپىياتىدىن ھەممىنى بىلىۋېلىپ، پېتىنى بۇزماستىن خەتنى ئوڭ قىلىپ:

— مەن سېنى نېمانداق تەتۈر خەت يازىدىغان بالا ئىكەن دېگىلى تۇرۇپتىمەن. سەن ئوقۇغان ئادەم بولغاندىكىن، باشقا ئادەمگە خەت سۇنغاندا ئوڭ سۇنۇشنى ئۆگەن، بولۇپمۇ مەندەك باشلىقىڭغا.

ئەكبەر كۈلكىسىنى باسالماي كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ:

— ماقۇل، — دېدى.

— ماقۇللام دېسەڭ بولمايدۇ. تۈزىتەي دېگەن گەپنىمۇ قوشۇپ دە. خېتىڭنى غۇ كۆردۇم، خېلى بەلەن گەپنى يېزىپسەن. ئۆزۈڭ بىر ئوقۇپ باقە، قانچىلىك ئوقۇيالايسەن؟

باشلىق ساۋاتسىز بولغان بىلەن ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى قىلچە چاندۇرمايدىكەن، تېخى كۈندىلىك خىزمەت خاتىرىسى قولىدىن چۈشمەيدىكەن.

— ھە، كۆڭلۈمگە ياراپ قالدىڭ، ئوبدان
ئىشلە. قولدەك ئىشلەپ بەگدەك يەپ، توغ-
راقتەك يوغىناپ، يىلتىز تارتىپ كەتسەڭ،
مەن قېرى توغراق يىقىلسام ئورنۇمنى
ئالىسەن.

ئاشۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاتا سۆزىسىز -
ئەقىدىسىز بويىچە «سائەت چىقىپ كەتكە-
نىدى». ئەكبەر بىلەن قەشقەردىن كەلگەن،
تال چىۋىقنى بىللە ئات ئېتىپ ئوينىغان
دوستلىرى،ساۋاقداشلىرى قەشقەر، ئۈرۈمچىلەرگە-
يەنىلا ئۆز جايلىرىغا بېرىپ، كاتتا بىنالاردا،
ئېسىل ئۆي - ئىشخانىلاردا ئولتۇرۇپ ئىشلەشتى.
ئازادە، پاكىز ئاسفالت يوللاردا مېڭىشتى.
ئۇ ئاشۇ توغراقلار ماكان تۇتقان قۇملۇق،
شورلۇق تۇپراققا ئۆزلىشىپ يىلتىزى بار-
غانچە، چوڭقۇرلاپ يىراقلارغا سوزۇلۇشقا
باشلىدى. كۇملاچ تاملىق، پاكار، ئىسلاش-
قان دېھقان ئۆيلىرى ئۈچۈن ئۇ شەھەردىكى
يۈز يىللىق، ئېسىل، قەدىمي پاسونىدىكى
ئۆيىنى قۇربان قىلدى. ئېسىل تاماقلارنى
دېھقانىنىڭ تىزەك، پاتاس قالاپ پىشۇرغان،
ئىس ئۆتكەن ئۇمىچى بىلەن تېگىشتى؛
كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ،
ئازادە يولدا خىزمەتكە بارىدىغان تىنچ،
تەرتىپلىك كۈنلەرنى، ئولتۇرۇشلاردا، كلوب -
زاللاردا گۈزەل قىزلار بىلەن تانسا ئويناي-
دىغان ئۇنتۇلماس ئاخشاملارنى ئۇ بەلباغ
باغلاپ، توپىلىق يول، ئېتىز، خامان، سۇ-
لۇق قىرلاردا ئىشتاننى تىزىغىچە تۈرۈپ،
توپا - لايغا مىلىنىپ، كېچە - كېچىلەپ
جاڭگال كېزىشكە تېگىشتى. ئۇ تۇمەنتالغا
كەلگەندە بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتىشقا
باشلىغان ئوماق، سەبىي بالا ئىدى. ئاشۇ
ئوماق، سەبىي، شوخ ياشلىقىنى، ئاسان،
پاراغەتلىك شەھەر تۇرمۇشىنى مۇشەققەت
بىلەن جان تىكىپ ئىشلىمىسە بولمايدىغان
سەھراغا قۇربانلىق قىلدى. ساۋاقداشلىرى،
دوستلىرى، تۇغقانلىرى كۆپ نەسىھەت قىلىپ
ئۇنى شەھەرگە ئەكىلەلمەي، ئۇنىڭغا جاڭگال
جىنى چاپلىشىپ، كاللىسى بىنورمال بولۇپ
قالغانىدۇ، دەپ گۇمانلىنىپمۇ يۈردى. بويى
توغراقتەك ئۆسكەن بىلەن يىلتىزى چوڭ-
قۇرلاپ، تۇرقى، چىرايى، ۋۇجۇدىغا توغراق
روھى سىڭگەن، چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىشقا
باشلىغان ئادەم بولۇپ، ھېلىقى قېرى توغ-
راق ئىزىنى بېسىپ يېتىشىپ چىقتى.

ئۇ، ئۆمرىنى دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆت-
كۈزگەن بولغاچقا، دېھقانلارنى بەك چۈشىنى-
دىغان ئادەم؛ ئۇ ھازىرقى دۇنيانىڭ ئېقى-
مىنى بىلىپ بىر قولىدا كەتمەن دۇنياسىنى،
بىر قولىدا زامانىۋى مەدەنىيەت دۇنياسى —
كىتابنى تۇتۇپ تۇرغاچقا، دېھقانىنى ئەڭ
چۈشىنىدىغان ئادەم. ئۇ، دېھقانلارنىڭ ئاق
كۆڭۈل، سەۋرچان، جاپاغا كۆنگەن، چىدام-
لىق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، لېكىن نادانلىق-
نىڭ ئۇلارنى چەمبەرچەس باغلاپ خورلاۋات-
قانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ، دېھقانلارغا
چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. ئولتۇرسا، قوپ-
سا دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن غەم
يەيدۇ، سۆزلەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ دېھقانلار
ئارىسىدا مىڭلىغان دوستلىرى بار. ھازىر
كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر -
بىرىگە قىلچىلىك مەنپەئەتنى قۇربان بېرىش-
كە چىدىمايدىغان دەۋرگە قەدەم قويغان
كۈنلەردە دېھقانلار ئارىسىدا ئۇنىڭغا جېنىنى
پىدا قىلىدىغان سادىق دوستلىرىنىڭ پەيدا
بولۇشى ئۇنىڭ دوستلىرىغا قىلغان چەكسىز
ئەقىدىسىنىڭ جاۋابى ئىدى.

ئۇ، يېرىم كېچىلەردىن ئاشقان، خورازلار
ئاڭدىن خەۋەر بېرىپ چىللىغان چاغلاردا
قۇم، دۆڭ بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئېتىز-
لاردىن مومىيا ئادەمدەك مىڭ پاتقان توپا
بىلەن قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇ، ئىتنىڭ قورسىقىدىكى كۈچۈكى تۈگۈلۈپ

قېتىپ قالىدىغان زىمىستان قىش كېچىلىرىدە ھاشارچىلار ئارىسىدا توڭ يېرىپ، پاتقاق كېچىپ، لايغا مىلەنگەن قوللىرى بىلەن ھاشارچىلار سۇنغان قاتتىق - توڭ نانلارنى غاجىلايدۇ. ئۇنىڭ ھاشارچىلار ئارىسىدىكى چاغلىرى سېپى ئۆزىدىن تىپىك دېھقان بولغان ۋاقتى. ئۇنى قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ھاردۇق يەتكەن ھاشارچىلار ئارىسىدا قىلىدىغان خۇش چاقچاقلىرى، كۈلكىلىك سۆزلىرى دېھقانلار ئارىسىدا ھاردۇق چىقىرىدىغان شىپالىق دورا بولۇپ قالىدۇ.

تەكلىماكاننىڭ يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپىدا ئۇ ئورمىچى دېھقانلار ئارىسىدا ئالدىدا سول يېرىپ ماڭسا، خامان تەپكەن يەردە توپانغا مىلىنىپ يۈرۈيدۇ. يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپ ئۇنى چىقىن چۈشۈپ چالا كۆيۈپ كەتكەن توغراق كۆتىكىدەك قاپقارا قاتۇرۇپ قويغان. ئۇنىڭ ئۆيگە يورۇق قايتىپ كېلىدىغان كۈنلىرى يىلدا پەقەت بىر قانچە، قېتىم بولۇپ قالىدۇ.

ھېرىپ - ئېچىپ قايتقان كېچىلەردە ئۇ ھېچ بولمىغاندا بىر قانچە بەت كىتاب كۆرۈپ ئۇخلاش ئادىتىنى يوقاتمايدۇ.

ئۇنىڭ دېھقانلار بىلەن مۇڭدىشىپ دوستلىشالايدىغان، زىيالىيلار بىلەنمۇ سىر ئېلىشىپ ئەل - ئاغىنە بولالايدىغان چىقىشقاق، كەمتەر، ھەقىقىي خەلقپەرۋەر رەھبەرگە خاس ئېسىل مىجەزى، مەرىپەت دېسە جېنىنى بېرىدىغان، مەرد، لەۋزى ھالال، توغرا سۆزلۈك ئېسىل روھى ئەنە شۇ زېمىندا يېتىلگەن.

ئۇ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە جاھىل دېھقان دوستلىرى بىلەن كۆپ مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۇلارنى قايىل قىلىپ بولالماي بەزىدە جىلە بولۇپ تېرىكىپ قالىدۇ. دەل ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆتقان ۋاقىت دېھقان دوستلىرىنىڭ مائارىپقا قارشى تۇرغان چاغلىرى بولىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قويماي قاتتىق قوللۇق بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تارتىپ ئېلىپ مەكتەپكە ھەيدەيدۇ. ئۇ بولغاچقا، بۇ يېزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئاقساپ قالمايدۇ. ئۇ دېھقان بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىن قېلىشىنى دېھقانلارنىڭ دارامىتى كەملەپ كەتكەندىنمۇ يامان كۆرىدۇ.

ھەر قانداق يېڭى كىتاب كىتابخانىغا سېلىنىپ ھەپتە ئىچىدە يېزا مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن ئورۇن ئالمىسا، ئۇ مەدەنىيەت مەركىزىنى بېشىغا كېيىپ قايناپلا كېتىدۇ. يېزا مالىيىسى بىرەر مۇھىم ئىشقا پۇل چىقىرىپ بېرەلمىسە ئالدىرىماستىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن باش قاتۇرۇپ ئاندىن يولىنى تاپىدۇ. مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشىغا پۇل بولمىسا، ئۇ قىلچە سەۋرى قىلالماستىن مالىيىدە پۇل يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ پۇل تېپىشقا بۇيرۇق قىلىپ، كىتابلارنى ئالدۇرماي قويمايدۇ.

ئۇنىڭ دېھقان دوستلىرى ئىچىدە مەلۇماتلىق نى - نى خەلق شائىرلىرى، دانىشمەنلەر، يەرلىك تارىخچىلار بار. ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى تېخىمۇ كۆپ. ئۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇلار بىلەن ھايات، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلەشتى. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى بىر ئىشنى دائىم ئويلايتتى. «ھەر كۈنى تاڭ ئاتىدىكەن، ئىشلەيدىكەنمىز. ھەريىلى ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىقدان تېرىيدىكەنمىز. مېۋە-چېۋە ئىشلەپچىقىرىدىكەنمىز، مال - چارۋا باقىدىكەنمىز، لېكىن ئۇلارنى كېلەر يىلى يازغا بارماي يەپ - ئىچىپ، ئىشلىتىپ

تۆگىتىدىكەنمىز. بىز دېھقان خەقتە بۇنىڭدىن باشقا ئىش بولمىسا. باشقا ئەللەردىكى ئادەملەرمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىمۇ قىلىدىكەن، ھاياتتا يەنە باشقا ئۇنتۇلماس خەيرلىك ئىشلارنىمۇ قىلىدىكەن. خەق قىلغاننى بىز قىلالماسمىزمۇ؟ مەسىلەن، مەن ئۆمرۈمنىڭ تولىسىنى تۇمەنتالدا ئۆتكۈزدۈم، تۇمەنتالدا ئىزىم چۈشمىگەن يەر قالمىدى. لېكىن ھازىر خەلقنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك بەش يىل بۇرۇنقى ئىشتىن بىرنى سۆزلەي دېسەم، مەن سۆزلىگەن بىلەن خەلق نېمىنى سۆزلەيدۇ. خەلقنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك نېمە ئىش قىلدىم؟ ھەرقايسى تۈردىكى مەھسۇلاتنى يىلمۇ - يىل ئاشۇردۇم. لېكىن مەن كەلمەستىنمۇ بۇ خەلق ھوسۇل ئېلىپ كەپتىكەن. ھېززى بەگ ھاجى دېگەن ئادەم قىرىق نەچچە يىل ئىلگىرى بىر ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ قويۇپتىكەن، خەلق ئۇنى ھازىرغىچە ئۇنتىماپتۇ. مەنمۇ چوقۇم تۇمەنتالدا ياشىغىنىمنىڭ نامۇ نىشانى قىلىپ، بۇ خەلقنىڭ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك بىر ئىش قىلىپ بەرمىسەم، بۇ يەردە ئىزىم قالمايدۇ. لېكىن نېمە ئىش قىلسام بولار؟» ئۇ بىر كۈنى كىتاب، ژۇرناللاردىكى يېڭى پىكىرلەر ھەققىدە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىگە پاللىدە بىر ئىش كەلدى - دە، سورۇندىكىلەرگە:

— ھەي، توختاڭلار ئاغىنىلەر، بۇرۇن بىزدە شاپىگرافىتا چىقىدىغان بىر ژۇرنال بار ئىدى، يوقىلىپ كەتتى. بىزدىمۇ يازارمەن باللار جىق تۇرسا، نېمىشقا ژۇرنال نەشىر قىلىپ ئۇنى تارقاتمايمىز؟

— ھە راست، بولىسىغۇ شۇنداق قىلساق تولىمۇ ئوبدان ئىش بولاتتى.

— توغرا، شۇنداق قىلىمىز. چىقارغاندا ئۈرۈمچى، قەشقەرنىڭكىدەك ئېسىل قىلىپ چىقىرايلى، كۈچىمىز يەتمىسە، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ ياردىمىنى ئالىمىز. زادى بىر ژۇرنال چىقىرايلى. پۇلى مەندىن، قانچىلىك ئىقتىساد كەتسە، مانا مەن ئىگە. لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىڭلار. ھەر قانداق مەسئۇلىيەت بولسا ماڭا ھېساب. بۇ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇپرىقىدىكى بىر ئىز بولۇپ قالسۇن.

مانا شۇنداق قىلىپ، شۇ سۆھبەتتىن «تۇمەنتال چېچەكلىرى» ناملىق ئەدەبىي ژۇرنال دۇنياغا كەلدى. ئۇ، ژۇرنال ئىشلىرىنى يېزىنىڭ چوڭ يىغىنلىرىدا دېھقانلار چۈشەنمىسىمۇ، ناھايىتى ئەستايىدىل، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشاللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ تۇمەنتاللىقلارنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئەلنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ئۇنتۇلماس بىر ئىز قالدۇرغىنى، خەلققە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىلمىي ئىش قىلىپ بەرگىنى ئىدى. ئۇ قىلغان مىڭلىغان ياخشى ئىشلار ئىچىدە خەلقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە، نەزەرىگە ئېرىشتۈرگەن بۇ ئىشنىڭ بەردىكتى ئۇنى كۈندىن - كۈنگە پارلاق ئىستىقبالغا كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئېچىلغان ئۈمىد كۆزىدە ئۇنىڭ ئوبرازى شۇنچە جۇلالىق چاقنىدى.

ھاياتلىق ئالىمىگە سەن قانچىلىك ئەجىر قىلساڭ، ھاياتمۇ ئەقىدەڭگە يارىشا سېنى نائۈمىد قالدۇرمايدۇ. خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەمنى خەلق ئاخىر بىلىدۇ، قەدىرلەيدۇ. تۇمەنتال خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئۇ كۆيۈپ - پىشىۋىدى، مەكىت خەلقى ئۇنىڭغا: «يالغۇز تۇمەنتال ئۈچۈنلا ئەمەس، بىز ئۈچۈنمۇ ئىشلەپ بەرگىن» دەپ ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرىدىن بىرى قىلىپ

سايلىنىۋېلىشتى. دېمەك بىر ياخشىلىق ئالەمنى
خۇش قىلدى دېگەن ئەنە شۇ. ئەمدى ئۇ
مەكتەپ ئۈچۈن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك
بولغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا باش
قاتۇرۇۋاتىدۇ.

1922 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر

# تىنالماي ياشاۋاتقانلار

## مۇقەددىمە

ھاياتلىقنىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەۋجۇتلۇ-
قى ئۇنىڭ تىنىقىدا. تىنىق توختىسا، ھايات-
لىقمۇ توختايدۇ. كائىناتنىڭ تەقدىرىنى خو-
رۇتۇپ، بېشىغا بەختسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ،
ئۆزىنى قۇدرەتلىك ساناۋاتقان ئىنسانلارمۇ
تىنىقتىن قالسا، ھاياتلىق ئالىمىدىن ئەبە-
دىي خوشلىشىدۇ.

ھاياتتا بىز بىلەن بىللە ياشاپ، بىزدىن
قىيىن تىنىپ ياشاۋاتقانلارنى كۆرگەن ۋە
بۇ تىنىقلارنى ئۆزىمۇ تىنىپ كۆرگەن ئادەم
ئاندىن ئۇلارنىڭ بىز خاتىرجەم تىنغان ھەر
بىر تىنىق ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب چېكىۋا-
تىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

## مانا بۇ خۇنجىراپ

— «خۇنجىراپ» دېگەن بۇ پارسچە ئاتال-
غۇنىڭ «قان ئاقار جىلغا»، «جان ئالغۇچى
جىلغا» دېگەن مەنىلىرى بار، — دەپ تو-
نۇشتۇردى خۇنجىراپ تاموژنىسىنىڭ باشلىقى،
سارغۇچ پىلاڭ چاچلىق، ساپ ئارىيان قېنى-
دىن تۆرەلگەن ئاق تەنلىك ھەمراھىمىز
قاينام ئىمارەتشاھ.

خۇنجىراپنىڭ ئىسمىنى تولا ئاڭلاپ كەل-
دۇق. ھەرەمگە بارغان ئاتا - ئانىلىرىمىز،
قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەپەر پاراڭلىرى
ئارىسىدا بۇ ئىسىم تولا تەكرارلىنىدۇ. ۋە-
تەننىڭ باشقا يەرلىرىدىن كەلگەنلەر بۇلۇڭ-
كۆل، قاراكۆل، تاشقورغان، مۇزتاغ، خۇن-
جىراپ، مىڭتېكىنى ئاتايىن بېرىپ كۆرۈپ،
بۇ يەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ گۈ-
زەللىكلىرى ئۈستىدە سۆزلەشسە، ئاغزىڭغا ھاڭ-
ۋېقىپ قاراپ قالىمەن. ئادەملەرنىڭ ئېگى

ئاجايىپ غەلىتە بولىدىكەن. ئۆزۈمنى ئالسام،
قەشقەردە تۇرۇپ ھېيتگاھتا سۈرەتكە چۈشۈپ
باقماپتىكەنمەن، باشقا شەھەرلەردىن كەلگەن
دوستلارنىڭ تەلىپى بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ
ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان پەخىرلى-
نىش نۇرلىرى، تىنماي سۆزلەشلىرىدىن ئۇي-
غۇرلار مەركىزىنىڭ سىمۋوللۇق مۇنارى
ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى
ئاندىن ھېس قىلغانىدىم. جاھاننىڭ ئۇ
چېتىدىن ئاتايىتەن مۇزتاغنى بىر كۆرۈشنى
ئارزۇلاپ كەلگەن ئادەملەرنى كۆرۈپ، مۇز-
تاغ ئۆز سۈتىنى سېغىپ قاچىلىغان قارا كۆل،
بۇلۇڭكۆللەرنىڭ زەمزەملىرىدىن ھاسىل بول-
غان قەشقەر بوستانلىقىدا ياشاپ، ئۇنىڭ
سۈيىنى ئىچىپ تۇرۇپمۇ، مۇقەددەس جايى-
نى كۆرۈپ بېقىش ئېڭىمىزنىڭ ئويغانمىغان-
لىقىنىڭ ئۆزى بىر بەختسىزلىكىمىز ئىكەن، دەپ
ئويلاپ، قەشقەر خەلقىنىڭ، ئۆز كۆك-
سىدىن ھاياتلىق بۇلىقى ھاسىل قىلىپ بې-
قىۋاتقان مۇزتاغ ئانىسىنى كۆرمىگىنى، بۇنداق
پاكىز ئانىسى بارلىقى بىلەن پەخىرلەنمىگەن-
لىكىگە ھەيران قالدىم.

قەشقەر ھاۋاسىنىڭ يىللىق، ساپ بولۇ-
شىنىڭ سىرىنى ئۆز سېزىمىم بىلەن شۇنداق
پەرەز قىلدىم: تومۇزنىڭ كەچ، ئەتىگەنلىرى
قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ھەر قانداق شېرىن نەر-
سىدىنمۇ ھوزۇرلۇق بولىدۇ. تەكلىماكاندىن
كېلىدىغان ئاتەشتەك قۇرغاق ھاۋا بىلەن
مۇزتاغدىن كېلىدىغان سوغۇق ساپ ھاۋا
قەشقەر ئاسمىنىدا ئۇچرىشىپ، مۇزتاغ باغ-
رىدىكى بۇ بوستانلىقنىڭ راھەتبەخش ھا-
ۋاسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ

بۇ زېمىننى پايتەخت قىلىپ تاللىشىدىكى نۇرغۇن شەرتلەر ئىچىدىكى ئاساسلىق شەرتىنىڭ بىرسى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

بىز مانا بىر ئۇچى تەكتى ئەسرادىكى، يەنە بىر ئۇچى ئەرش مۇئەللەقتىكى قارا ئارغامچىدەك يولدا ئۇۋۇسىغا ماڭغان چۈمۈلىدەك تىزىلىپ مېڭىپ، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە — تاشقورغاننىڭ گۈزەل يايلاقلىرىغا ئۇلاشتۇق.

مانا، رىۋايەتلەردىكى گۈزەل چىمەنلەر، چىمەنلەر ئارىسىدا شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان تاغ بۇلاقلىرىنىڭ مۇزدەك سۈيى. سۇ بويىدا بوستان يايغان تاغ سۆگەتلىرى ئارىسىدا ئازادە بىر قورۇق بار ئىكەن. بۇ تىپىك ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئارىيانلارنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدىكى قورۇق ئىدى. قورۇقنىڭ چوڭ، سۈرلۈك ئىشىكىدىن ئاۋۋال قاپلاندەك بىر قارا تايغان كۆزىنى پارقىرىتىپ ئېتىلىپ چىقتى. مانا بۇ قورۇق - قايىنام تۇغۇلغان، يۈز نەچچە يىل بۇرۇن بىنا بولغان قورۇق. ئوماق بىر ئوغۇل تايغاننىڭ ئارقىسىدىن كىيىكتەك ئويناقشىپ چىقتى. مېھرىبان، ئاق دىل ئانا بىزنى ئەدەبلىك سالام بىلەن قورۇققا باشلىدى. قورۇقتىكى ھەر بىر نەقىشتە ئەجدادلارنىڭ قوللىرى مىدىرلاۋاتقاندەك، قىلىچ ئوينىتىپ، تۇغ - ئەلەملىرى، دۇبۇلغىلىرى پارقىراۋاتقاندەك كۆرۈندى.

داستىخاندىكى قىمىز، جىگەردەك ئۇيىغان قېتىق، سۈزۈك ئالمىدەك سېرىق ماي، سۈتلەر بىزگە ئوتتۇرا ئەسىردىكى پاك، تۈز - تەمى بۇلغانمىغان تولۇق تەملىك دۇنيانى، مېھرى ئىسسىق بىر داستىخاننىڭ تەمىنى ھېس قىلدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز چۈمۈلە سەپىرىنى يەنە باشلاپ، ئەرش مۇئەللەقتىكى بارگاھىمىزغا ئۆرلىگىلى تۇردۇق.

ھاسىراپ - ھۆمىدەپ، دېمىمىز كېسىلىپ، ئۆپكىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلىپ، ئاران - ئاران كېتىۋاتىمىز. بىر چاغدا ھاۋاسى تولىمۇ شالاڭ، قاقاس تاغ ئارىسىدىكى كارىدورغا جايلاشقان پاكار تاملىقلارغا كەلدۇق.

— مانا بۇ — داڭلىق خۇنجىراپ، — دېدى قايىنام قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈپ.

جېنىم بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ، تىنالماي، ئىنجىقلاپ ئاران يەرگە چۈشتۇم. قايىنامدىن باشقا ھەممىمىز توختىماي جۇۋاز سۆرەپ تاڭ ئاتقۇزغان قېرى ئۇيدەك ھاسىراپ، پۇشۇلداپ، بۇرۇن پەررەكلىرىمىز كېرىلىپ، سېرىقلار سامانىدەك، قارىلار تۆمۈردەك، قىزىل يۈزلۈكلەر لازا قاچىلىغان سولياۋ خالتىدەك ئېسىلىپ كېتىپتىمىز. تازا كۈچەپ، ئاغزىمنى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك ئاچسامۇ، بۇرنۇمنى بىر كىم تۇتۇۋالغاندەك تىنالماي:

— ۋاي، خۇنجىراپ دېگەن مۇشۇمۇ، قېنى بۇ ھاۋا؟ — دېدىم.

— بۇ يەردە ئادەم ئاز، دەپ ھاۋانى ئادەمگە لايىق تەقسىم قىلىپ، قالغان ھاۋانى قەشقەرگە توشۇپ كەتتى. ھاۋانى كۆپەيتىپ بېرىش توغرىسىدا دوكلات يازغىلى 1992 يىل بولدى، ھېچ كۆپەيتىپ تەستىقلاپ بەرمىدى.

قايىنامنىڭ قىزىقچىلىقىدىن ھەممىمىز تەڭ كۈلۈشتۇق. بىز ئاران - ئاران تۇرغان چېغىمىزدا، بىر كۈلكە بىلەنلا بۇ ھاۋا ياۋا كەپتەردەك ئۇچۇپ كەتتىمۇ قانداق، يۈرىكىم بىردىنلا شىددەت بىلەن سوقۇپ، تاغلار خۇددى بوراندىكى سۆگەتتەك پۇلاڭشىغىلى، يەر - زېمىن يىپچى خوتۇننىڭ چاقىدەك چۆرگىلىگىلى تۇردى. ماڭالماي ئولتۇرۇپ قالدىم. ھاراقتىن يانماي ياندۇرغان مەستتەك «ھۆ» تۇتۇپ، جېنىم بىر تومۇردا قالدى. «ئىم، قىلىدىغان ئىشلىرىم بەك جىقتى. ياش تۇرۇپلا كېتىپ قالىدىغان بولدۇممۇ نېمە؟!» ھەر بىر ئىنساننىڭ كۆڭلىگە مۇشۇ ئىشلار كەلگەندە، ب كەچمىگەن

خىياللار كېچىپ، لى - لى ئارمانلار، قىلالمىغان ئورۇنلۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئېسىگە كېلىپ ھايات شۇنچە قەدىرلىك تۇيۇلىدىكەن.

— ئاۋايلاپ ئاستا ماڭسىلا. يۆلەمدۇق-يا، ـــ سەممىيلىك بىلەن سورىدى قاينام كۆلۈپ تۇرۇپ.

— ياق. سىلەردەك ماڭالمىسامىۇ تىرناقداپ بولسىمۇ مېڭىپ باقاي، — دېدىممەن نومۇس كۆچى ھەممىدىن غالىب كېلىپ.

— ئاۋايلاپ مېڭىپ كۆنسىلە بولىدۇ. ئۈچ كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالسىلا بۇنچىلا قىينىلىپمۇ كەتمەيلا.

— مەن زادىلا تىنالمايۋاتىمەن. سىلەرچۇ؟

— كۆنۈپ قاپتىمىز. ئەمما بىزمۇ تەستە تىنىپ ياشايمىز. ئامال يوق.

ئىككى قەدەمدە بىر ئولتۇرۇپ دېگۈدەك ئىشخانا ئالدىغا كەلدۇق.

ئارىمىزدىكى ئوتتۇرا ياشلىق شائىر ئاكىمىز تاھىر تالىپ چاقچاق قىلدى:

— مەنغۇ كېسەل ئادەم، سەكسەن خالتامغا دورا قاچىلاپ چىقتىم. ماۋۇ تېنى ساق ياش بالىلارنىڭ ھالىنى كۆرۈڭ.

ئىشخانا بىناسى ئالدىغا كەلگەندە تاموژنىنىڭ ياش ئەزىمەتلىرى ئالدىمىزغا چىقتى. ئالدىدا چىقىپ كەلگەن دارازا — قاينامنىڭ ياش مۇئاۋىنى ئالىم، ئۇنىڭ كەينىدىكىسى كەسپىي بۆلۈم باشلىقلىرى ئەركىن، مۇھەممەت ئېلى، ئاندىن بىر خەنزۇ چوكان بىلەن خەنزۇ يىگىت بىر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

— «خەلق گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى كېلىدۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانتۇق. بۇلار شۇمۇ؟ — دېدى ئالىم بىز بىلەن چاقچاقلىشىپ، تونۇش ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ.

— ئۇلار يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىدۇ. بۇلار بولسا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى چۈشىنىپ كېلىش ئۈچۈن كەلگەن قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شائىر-يازغۇچىلىرى.

— ھە، ئوبدان كېلىپسىلەر. ماكانىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قوياي: ماۋۇ شەرقىي تاغ باغرىدىكى تاشقورغان دەرياسى. ئاۋۇ غەربتىكىسى مىكتېپكە داۋىنى. ئۇ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىز سېلىپ كەلگەن يېرى. بىز ئوتتۇرىدا — خۇنجىراپتا تۇرۇۋاتىمىز. خۇنجىراپ دېگەن مانا مۇشۇنداق يەر، — دېدى ئالىم.

ھالسىز كۆزلىرىمگە يىراقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مىكتېپكە داۋىنى بىلەن داۋانىنى كېسىپ تۇرغان مىكتېپكە جىلغىسى تاشلىنىپ، مەستخۇش ياتقان خەتەرلىك ساھىبجامالنىڭ تولغان ساغرىسىدەك كۆرۈندى.

## دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز تاموژنا

خۇنجىراپ تاموژنىسى پىلال دېگەن يەرگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4300 مېتر ئېگىز. ھازىر دۇنيادا بۇنداق ئېگىزلىككە جايلاشقان تاموژنا يوق. قارا قۇرۇم تېغى ئارىسىدىكى بۇ تاموژنىنىڭ ئادەملىرىدە دائىم تۆت پەسىلنىڭ كىيىملىرى تولۇق تەل بولۇشى كېرەك. ھازىر كالتە يەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن بولسا، سەل كېيىن قارا قۇرۇم چوققىسىدىن ھۇۋلاپ كەلگەن شىۋىرغان ئارىلاش قار بولۇتى شىددەتلىك جۇدۇن پەيدا قىلىپ، كۆڭلەكنىڭ ئورنىغا جۇۋا، شىبلىتنىڭ ئورنىغا پىيما كىيىشكە مەجبۇرلاپ، كىيىم ئالماشتۇرۇپ بولغىچە تۇمۇزنىڭ تەرى بىلەن جۇدۇننىڭ زەھىرى بۇرنىدىن ئالىدۇ. ياشىرىپ تۇرغان چۆپلەر مۇز ئاستىدا قالىدۇ.

بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىردەمدىلا ھۇشىدىن كېتىپ، پۇت - قولى ماغدۇرسىزلانغان ھالدا ھۇشىغا كېلىشلىرى، كۆڭلى ئايىنىپ

مەززىلىك تائامنى ئاچچىق زەرداب قىلىپ قۇسۇشلىرى، ئىچى سۈرۈشلەر يولدا كېتىۋېتىپ چۈشكۈرگەندەك بىر خىل تەبىئىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

## قوشتىن سۆرەمگە، سۆرەمدىن جۇۋازغا

بۇ ئېغىزدىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر خىل ئىرق، مىللەت، ھەر خىل تىللىق ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بۇ تاموژنىدىكى 25 نەپەر خادىمنىڭ بېجىرىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار سىمېنا بويىچە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئون نەچچە ئادەمنىڭ كۈنىگە بەشيۈزچە ئادەمنى تولۇق رەسمىيەت بىلەن يولغا سېلىشى ئېيتماققا ئاسان، قىلماققا تولىمۇ تەس بولغان مۈشكۈل — ئېغىر ئىش ئىدى. مۇھەممەت ئېلى ئادەملەرنىڭ سومكا - بوغچىلىرىنى تەكشۈرۈپ بولالماي، بېلى پۈكلىنىپ، ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ ئۆرە بولالماي قالدى. قەدەم پاسپورت رەسمىيىتىنى يېزىپ بولالماي، كۆزى تورلىشىپ، قولى تارتىشىپ، مۈكچىيىپ قالدى. ئەركىن بولسا ئادەملەرنىڭ كومېدىيە تۈسىنى ئالغان ساختا - رەزىل ئويۇنلىرى ئارىسىدا راست - يالغاننى پەرق ئېتىپ بولالماي جىلە بولۇپ تېرىكىپ كەتتى. ئۇلار مەيلى قانداق ئىشلارنى قىلمىسۇن سەن ھامان مۇلايىم، خۇش خۇي بولۇشقا تىرىشىشىڭ، ئۇلار قوپاللىق قىلسىمۇ كۈلۈپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. مانا، ھەر خىل تىللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئارىسىدا ۋاھتىمۇ ۋىچىرلاپ ھارمىدى. بىر كۈنلۈك خىزمەت تۈگەپ، خۇنجىراپتىكى شاۋقۇن - سۈرەنلەر بېسىققاندا تاموژنىدىكى ھەر بىر ئادەم ھەر بىر ئىش نۇقتىسىدا خۇددى جۇۋازدىن چىقىپ ھالىدىن كەتكەن ئۆكۈزدەك جىممىدە ماكچىيىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ھېچكىمنىڭ بىر قەدەم ماڭغۇدەك، ھەتتا بىر ئېغىز گەپ قىلغۇدەك ماغدۇرى قالمايدۇ. ئۇلار ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ، توختاۋسىز ئېقىۋاتقان تاشقورغان دەرياسىنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلغان شاۋقۇنىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، سۈزۈك كۆكتە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا، بۇلۇتلارنى ئارىلاپ ئەگىپ يۈرگەن بۈركۈتنىڭ ھەرىكىتىگە تىكىلىپ قالغاندەك ھارغىن، جىمجىت كۆرۈنىدۇ.

## بار تۇرۇپ ئاچلىقتىن يىقىلدى

ئاشپەز توخلاتقۇغا قاراپ بېشى ئايلىنىپ كەتتى. قەدىمكى «قىر - چاپ» ئۇرۇشىدەك ئالامان ئىچىدە - ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، ئۇسسۇشۇپ يۈرۈشلەر ئىچىدە ئاشپەز تۇرسۇنجان قايىنامنىڭ قاتتىق بۇيرۇقى بىلەن بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، كۈنىگە ئۈچ ۋاق تاماقنى ئوبدان ئېتىپ قاچىلارغا، تەخسىلەرگە ئېلىپ قويىدى. قانچە قېتىملاپ ئادەم قايىنىمى ئىچىگە قىستىلىپ كىرىپ تاماق ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە ئالىمنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇنىڭ توپاقتەك ھۆركىرەپ: «ما ئىشنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دەپ ئالايغىنىدىن غىققىدە بولۇپ ياندى. «تاماق سوۋۇپ قالدى» دەپ ئەركىننىڭ يېنىغا بېرىۋىدى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئارىسىدا بېشى قېيىپ كەتكەن ئەركىن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈدەك بولالمىدى. بوغچا، قاپ، يەشىكلەر ئارىسىدا مۈكچىيىپ قالغان ۋاھتىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «بەش مىنۇت ۋاقتىڭلارنى چىقىرىپ تامىقىڭلارنى يېۋېلىپ، ئىشنى ئاندىن كېيىن قىلمامسىلەر. بولمىسا يىقىلىپ قالىسىلەر» دېۋىدى، ۋاھىت قىزىقچىلىق قىلىپ: «ئاغزىمدىكى تاماكىنى كۆرمىدىڭمۇ، قورساقنى ئىس بىلەن تويغۇزۇۋالدىم. بىر نەرسە پاتقۇدەك يەر يوق» دېدى. بىراق ئۇ قەدەمنىڭ يېنىغا ھەرگىزمۇ

يېقىن بارالمىدى. قەدەم ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كەسكىن ئاۋازى بىلەن ھېلى تاجىكچە، ھېلى ئۇردۇچە سۆزلىمەكتە ئىدى. بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتەلمەي تۇرغان ئاشپەزگە قاراپ چېچەن كۆزلىرىنى «ھېلىراق» دېگەن مەنىدە قىسىپ قويىدى. توڭلاتقۇنىڭ ئىچى ھەر خىل قورۇما، قوي گۆشى شورپىسى، توخۇ، بېلىق، مانتا، گۆش نان، ھەر خىل ئېسىل تائاملار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بەزىسى يېرىم ئېغىز تېگىلگەن، بەزىسى بىر چىشلەم چىشلەنگەن، بەزىسىنىڭ پېتى بۇزۇلمىغانىدى.

## ساغلام ئادەملەر ئىدى

ھەر قانداق بەردەم ئادەم بۇ يەردە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەندىن كېيىن بەدەن ئەزالىرىنىڭ مۇشۇ يەرنىڭ ئاتا قىلىدىغان كېسەللىرىگە قارشى كۈچى ئاجىزلاپ بىر قانچىدىن كېسەلنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالىدۇ. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ — خۇنجىراپنىڭ ئاشۇ يىگىرمە بەش نەپەر ساغلام يىلپىزلىرىنىڭ توقسان پىرسەنتى ئاللىقاچان بۇ يەردە ئالدى يىگىرمە يىل، كەينى بەش - ئون يىل ئىشلىگەنلەر ئىدى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۈرەك يوغىناش، يۈرەك تىقىلمىسى، ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرى كېسەللىكى، قان بۇزۇلۇش، چاچ چۈشۈش، نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان. دەسلەپ بۇ يەرگە خىزمەتكە كەلگەن ھەر بىر ياش: «ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن، جېنىدىن تويۇپ بالدۇرراق كېسەلمەن بولۇپ يىقىلاي دېگەن ئادەم بۇ يەرگە چىقىپ ئىشلەيدىكەن» دەپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى ياشلار ئارىسىدا ئىنسان ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان لېكىن كەمدىن - كەم ئىپرىشكىلى بولىدىغان قىزغىنلىق، ئۈمىدۋارلىق، سەممىي دوستلۇق، كۆيۈنۈشلەر، ئادەملەر مۇناسىۋىتىدىكى ھالاللىق بۇ ئازابلارنى تېز ئۇنتۇلدۇرىدۇ. كىمنىڭ چىرايى سولغۇن، روھى چۈشكۈن بولسا، ھەممىسى شۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ جان پىدا بولۇشىدۇ. كىمنىڭ بېشىغا دەرد كەلسە، ھەممىسى ئۇنىڭ غېمىنى تەڭ تارتىدۇ. كىم ئائىلىسىنى سېغىنسا، باشقىلار ئۇنىڭ ئىشىنى ئېلىشىپ ئېلىۋېلىپ، ئۇنى پاكىز كىيىندۈرۈپ خۇشال ھالدا ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ھازىرقى ۋايساشلىرى، بەزىدە ھەممىدىن بىزار بولۇشلىرى مۇشۇ ئىنساب، ئىنسانىي مۇھەببەت، سەممىيلىكتىن ئىبارەت كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن ئەمەسمۇ؟

## ئانامنىڭ جېنىنى ئالغان سەنمىدىڭ

ئالىم 1984 - يىلى شائخەي تاموژنا شۆبىۋەسىنى پۈتتۈرگەندە خۇنجىراپ تاموژنىسىغا تەقسىم قىلىندى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يېڭىدىن خىزمەتكە چىقىش ئالدىدا بۇ ياش، كېلىشكەن، قابىل يىگىت مەرھۇم ئانىسىنى ئەسلەپ «ئەگەر ئانام ھايات بولغان بولسا، ھازىر مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ خىزمەتكە قاتنىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى كۆرگەن بولسا، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال بولغان بولاتتى. ھەر قېتىم خۇنجىراپتىن كەلگەندە، ئانامغا تاشقورغاننىڭ سۇزمىسىدىن ئالغاچ كېلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتىم» دەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ، شۇلارنى خىيال قىلىپ ئىختىيارسىز ھالدا ئانىسىنىڭ تەبەسسۇم بىلەن چۈشكەن سۈرىتىگە تىكىلىپ قالدى. «ھازىرقى خۇشاللىقىمنى، سېنى بولمىغانلىقتىن كۆڭلۈمنىڭ يېرىملىقىنى روھىڭ كۆرۈۋاتقاندۇ. خۇنجىراپقا بېرىپتۇ، شەھەردە ئىشلىمەپتۇ، دەپ روھىڭ قورۇنۇپ قالمىسۇن. مەن شەھەردە چوڭ بولۇپ، شەھەردە ئوقۇدۇم، ئەمما مەن

ھەيۋەتلىك تاغنى، كەڭرى دالىنى، ياپيېشىل يايلاق، ساپ ھاۋانى ياخشى كۆرىمەن».

— مەن سېنى خۇنجىراپقا ئەۋەتمەيمەن.

دادىسى سوغۇق، زەردە بىلەن شۇنداق دېدى. قىزغىن سۆزلەپ كەتكەن ئالىم مىسكىنلىك بىلەن ئاكا - ئۇكىلىرىغا قارىدى. ھەممەيلەننىڭ چىھرىنى چەكسىز قايغۇ، ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلىغانىدى. ئالىم ھەيران قالدى.

— نېمىشقا؟

ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى.

— ھەممىڭلار خاپىغۇ. مېنىڭ خىزمىتىمگە نارازى بولۇۋاتقاندەك قىلىسىلەر.

— خۇنجىراپتىن باشقا ھەرقانداق يەردە ئىشلىسەڭ بىز خۇشال بولىمىز. ئەمما سېنى خۇنجىراپقا ھەرگىز چىقارمايمىز، — دېدى ئېغىر، كەمسۆز ئاكىسى مۇتەللىپ كەسكىن قىلىپ.

— نېمىشقا؟

— ساپساق خىزمەتكە كەتكەن ئانام ئاشۇ خۇنجىراپتا بۇ ئالەمدىن ۋاقىتسىز كەتتى، — شۇ سۆز بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئالىم ئانىسىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى. بۇ تويۇقسىز زەربە، تەقدىرنىڭ ئۇدۇل كەلتۈرۈپ قويۇشى ئالىمنىڭ سەبىي يۈرىكىنى قاتتىق بىر مۇجىغانىدى. ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە قاتتىق جىمىپ كەتتى، ھېچكىمگە گەپمۇ قىلمىدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنى خۇنجىراپقا چىقمايدىغان بولدى، دەپ خىزمىتىنى باشقا يەرگە تەقسىم قىلدۇرۇشنىڭ مەسلىھىتىگە كىرىشتى. ئىككى ھەپتە بولدى دېگەن كۈنى ئالىم كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئۈنسىز ماڭدى.

— نەگە بارىسەن؟

— خۇنجىراپقا.

ئۆيدىكىلەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى-دە، ئۇنى بەس - بەس بىلەن ئەيىبلەپ كەتتى:

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ئەقلىڭ جايىدىمۇ؟

— ئانامنىڭ جېنىنى ئالغان قارغىش تەگكۈر يەردە يەنە نېمىدەپ ئىشلىگۈڭ كېلىپ قالدى؟

— بولدى، خۇنجىراپقا بارمىدى، دەپ خىزمىتىڭنى بىكار قىلۋەتسە مەيلىكى، سېنى ھەرگىز ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىغا ئەۋەتمەيمەن، — دېدى دادىسى تىترەپ تۇرۇپ.

ئالىم بىر ھازا جىمىدە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— جېنىم دادا، مەن بىر قاۋۇل ئەركەك. ئانامنىڭ جېنىنى ئالغان سەنمۇ، دەپ بىر باراي زادى. قېنى، مېنىڭ جېنىمنى قانداق ئالىدىكەن، بىر كۆرۈپ باقاي.

ياڭۇۋۇرۇپمۇ، تىللاپمۇ، تەھدىت سېلىپمۇ ئۇنى ھېچكىم نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى.

ئۇ خۇنجىراپقا كەلگەندە ئانىسىنىڭ: «جېنىم بالام، كەتكىن. بۇ كۆرۈمسىز سەت يەردىن تېز كەت» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ بوغۇلدى، تىنالماي ئازابلاندى. «قېنى، جېنىمنى ئالالامسەن» دېدى ئاسمانپەلەك قار - مۇزلۇق چوققىلارغا قاراپ قەھرى - غەزەپ بىلەن تىنىپ. ئۇ ئاخىر يېڭىپ چىقتى. يىللار ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ بوش ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## جانانىدىن كەچكىلى بولماس

خۇنجىراپ تاموژنىسىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قېنى قايناپ تۇرغان ياشلار. ئۇلار ئاساسەن توي قىلغىنىغا بىر قانچە يىل بولغان، ئاشىق - مەشۇقلۇقتىن ئىسسىق ئائىلە مۇھەببىتىگە كۆچۈش باسقۇچىغا قاراپ يۈزلەنگەنلەر ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ ئىسسىق، ھەممە تەرىپىدىن يېڭىلىق چىقىپ تۇرۇدىغان ئۆيلىرىدە ياشلىق ھېسسىياتى تېپچەكلەپ تۇرغان گۈزەل، نازۇك چىراي، بۇلاق كۆز جانانلىرى بىر

يىلىنىڭ سەككىز ئېيىدا ھىجران، سۈكۈت، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈن ساناپ، تاغقا تەلمۈرۈپ، كۈيلەۋاتقان كىيىكتەك ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ئىنتىلىشلىرىنى بېسىپ ئىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرسا، ئۇلارنىڭ ئاشىقلىرى خۇنجىراپ تېغىدا تۇرۇپ، قەشقەر بوستانلىقىدا ئۆزىنى كۈتۈۋاتقان كىيىكلىرىگە بولغان چىداپ بولغۇسىز مۇھەببەت تەشنالىقىنى بېسىپ، تورۇسقا قاراپ ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ، ھەممىدىن بەسىي مۈشكۈلچىلىك!

ئۆيدە يالغۇز قالغان جانانلار تەنھا خىيال سۈرۈپ ئۇلارنى كۈتۈش بىلەنلا ئۆتمەيدۇ. ئۆينىڭ يەنە ئەر كىشى تولۇقلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرى بولىدۇ. مانا بۇ ئىشلار ئەرلىرى بولمىغانلىقتىن، تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالىدۇ. خۇشال بولغاندا ئورتاقلىشىدىغان، دىللىرى سۇنغاندا تەسەللى بېرىدىغان ئۆمۈر سىردىشى بولمىغانلىقتىن، بۇنداق مىنۇتلاردا يىگىتلىرىنىڭ تامغا ئېسىقلىق سۈرىتىگە قاراپ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز سېغىنىش ياشلىرى سىرغىپ چىقىدۇ. بۇ ياشنى يېرىك بۇرۇتلۇق لەۋلەر شۈمۈشى ياكى قوپال يوغان قوللار نازۇك ئېڭەكلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدە سۆزلىشى، باغرىغا بېسىپ تەسەللى بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلار ھىجران ئازابى، ۋىسال تەشنالىقىدا «بىرى تاغدا، بىرى باغدا ئۆتۈشىدۇ.» كۆز يېشى، سېغىنىش، غېرىبسىنىش، يالغۇزلۇق ئەلەمگە، ئەلەم يارىغا، يارا ئېغىر ئېلىشلارغا ئايلانغان جۇدۇنلۇق كۈنلەرنى ھەر بىر جۈپ كېلىشكەن قىز-يىگىتلەر ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. غەزەپتىن: «توي قىلىپ بۇنداق يالغۇز ياشىغىچە، توي قىلماي بويتاقلىقنىڭ دەردىنى تارتقانمۇ خوپ» دېيىشلەر بولدى. ئەمما، ئۆز مەشۇقىدىن راستىنلا ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلىغاندا يۈرەكتىن قىل سۇغۇرغاندەك ئاچچىق «ئۇھ» چىقتى. جانانلار كاللىسىغا ئايرىلىپ كېتىش دېگەن ئاچچىق، كۆيدۈرگۈچ خىيال كەلگىنى ئۈچۈن ئىختىيارسىز ھالدا تويلۇق سۈرىتىنى كۆكسىگە بېسىپ، قايتىدىن تاتلىق يىغلاشقا توغرا كەلدى. مانا بۇ تېز، غۇۋا كۆرۈنۈشلەر خۇنجىراپچىلەرنىڭ ئورتاق مۇھەببەت خاتىرىسى بولۇپ قالدى.

## بالىلىرى ياتسىرايدىغان دادىلار

خۇنجىراپ تاموژنىسىنىڭ يىگىتلىرى بىرلا ۋاقىتتا توي قىلمىغان بىلەن ھەممىسىنىڭ تاغقا چىققاندىن كېيىن توي قىلغانلىقى بىر پاكىت. مانا بۇ پاكىت ئۇلاردىكى ئورتاق بىر سەرگۈزەشتىنى تۆرەلدۈرگەن. يىگىت تويدىن كېيىنكى شېرىن ئاينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تاغدا — مىنتېكە داۋىنىنىڭ بېشىدا ئېسىلىپ تۇرغان كۆك ئاسمان، تولۇنئاي، يۇلتۇزغا قاراپ ئۇيقۇ كەلمەي، ھىجران ئازابىدا تاشتا ئولتۇرۇپ، ئازابنى ئاچچىق ھاراق بىلەن قوشۇپ يۇتۇپ، دۇنيانى ئۇنتۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. نازۇك جانان بولسا، سۈترەڭ پەردىلىك چىمىلدىق ئىچىدە كېچىچە يىگىتىنىڭ ياستۇقىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭدىن قالغان پۇراقنى ھىدلاپ، ئالدىنقى شېرىن ئاخشامنىڭ لەززىتى بىلەن ھازىرقى تەشنالىقنىڭ ئازابىدىن تۆككۈلگەن ياشتا ياستۇقنى ھۆللەپ، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزارغان ھالدا چاندۇرماي ئىشقا ماڭىدۇ. ئۇلار شېرىن ئاينىڭ قاچان باشلانغانلىقى بىلەن ئاخىرلاشقان-ئاخىرلاشمىغىنىنى بايقاپ بولغىچە، تۈنۈگۈن تېخى ئۆزلىرى شوخ باللار تۇرۇپ، بۈگۈن دادا بىلەن ئانىغا ئايلىنىپ قېلىشىدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق ياشىسا شېرىن ئايلىرى بەلكىم نەۋرە كۆرگىچە تۈگىمەس.

خۇنجىراپ ئەزىمەتلىرى ئاياللىرىنىڭ

هامىلدار بولغان چاغلىرىنى بىلگەن بىلەن ئۇلار سىزمەك ئازابى تارتقان كېچىلىرىدە يېنىدا بولمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دادا بولغانلىقىنى بىلگەن بىلەن، ئاياللىرى ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغۇت ئازابى تارتىۋاتقان مىنۇتلاردا خۇنجىراپتا بولدى. كېچىلەردە بالا ئاغرىپ قالغان چاغلاردا يالغۇز ياش ئانا بالىسىنى پەپىلەپ، يۆگەپ، يىغلاپ دوختۇرخانىدا ئۇيقۇسىز يۈرگەندە، بۇ دادىلار تاغدا - قار — شىۋىرغان، ھاۋاسىز يەردە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش بىلەن بولدى. شۇنداق قىلىپ، بالىلارغا تىل چىقتى:

— ئاپا، دادام قېنى؟

— داداڭ تاغدا.

— تاغدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئىشلەيدۇ.

— نېمىشقا بۇ يەردە ئىشلىمەيدۇ؟

— داداڭنىڭ ئىشلەيدىغان ئىشى تاغدا، بالام.

— قاچان كېلىدۇ؟

— دەم ئېلىش بولغاندا.

باشقا دادىلار كېچە - كۈندۈز بالىلىرى يېنىدا بولدى. ئۇلارنى باغچىغا، يەسلىگە، چوڭ دادىلىرىنىڭ يېنىغا ئاپاردى؛ يەكشەنبىدە، ھېيت - بايراملاردا بازارغا ئويناتقىلى ئېلىپ چىقتى. لېكىن بۇ دادىلارنىڭ بالىلىرىغا بۇ ئىشتا ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش پۇرسىتى بولمىدى. بۇ دادىلار ئۆيگە كەلسە، بالىلىرى سېغىنىپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقماستىن، ئانىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالىدۇ ياكى سىرتقا قاچىدۇ. دۇنيادىكى كۆڭۈل يېرىمچىلىقى ئىچىدە دادا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ياتسىراشتىن ئارتۇق كۆڭۈل يېرىمچىلىقى بولماس.

— بالام، قاچما. سېغىنغان داداڭ كەلدى.

— ياق، ئۇ دادام ئەمەس، ئۇ دېگەن ئۇزاقتا كېلىدىغان ئاكاش.

ياش ئەر - خوتۇنلار ئەپسىز ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى. بالا دادىسىغا ھەم ئاپىسىغا ئوخشايدىغان بۇلاقتەك سەبىي كۆزلىرىنى ھەم ئانىسىغا، ھەم دادىسىغا تىكىپ چىرايلىق ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— ئاكا، ماڭا نېمە ئەكەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

## ئۆز بالىلىرىدىنمۇ چارى

خۇنجىراپ تاموژنىسى ھەر يىلى مۇقەددەس جايغا بېرىپ پەرزىنى ئادا قىلىپ كېلىدىغان بىر مۇنچە ھەج تاۋاپ قىلغۇچى ئاتا - ئانىمىز، ئاكا - ئاچىلىرىمىزنى ئۇزىتىدۇ، كۈتۈۋالىدۇ. بىر كۈندە تۆت پەسىل نۆۋەتلىشىدىغان بۇ قاقاس جايدا ھەر بىر ئادەم مىڭ ئۆلۈپ تىرىلىدۇ.

ھەج تاۋابقا ماڭغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپىسىنى ئاساسەن ئورۇنداپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان ياشىنىپ قالغان بوۋاي - مومايلار بولۇپ، ئۇلار يالغۇز خۇنجىراپقىلا مېھمان ئەمەس، بۇ دۇنيا ئۈچۈنمۇ تەۋەررۈك مېھمانلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا قېرىلىققا قەدەم قويغاندا بولىدىغان ئاجىزلىققا چاپلاشقان ھەر خىل كېسەللەر بۇ يەردە تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ. ئۇلار قىينىلىپ، ئېغىر، ئاجىز قەدەملىرىنى ئەستە باسقان چاغلاردا تاموژنىدىكى ئەزىمەتلەر ئۇلارنى يۆلەشتۈرۈپ ماڭىدۇ. ھوشىدىن كەتكەنلەر، تىنالماي، ئېسىلىپ، كۆكىرىن كەتكەنلەرنى دەرھال يۆدۈپ داۋالاش پونكىتىغا ئاپىرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ تاموژنا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش جەريانىدا يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ماشىنىغا بېسىشىپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا بوۋاي - مومايلار ئاللاغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن بۇ ياشلارغا ساتلاملىق، ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت تىلەپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ دۇئا قىلىدۇ. يىگىتلەر ئۆزلىرى ئىچىدىغان قىزىق چايلارنى

ئۇلارغا تەگلمگەندە، خىزىر سۇپەت بوۋايلار، پەرىشتىدەك مومايلار بۇ يەردە ئۆز ئوغۇللىرىنى كۆرگەندەك بولىدۇ.

## زەھەرلىك چېكىملىك ئالۋاستىلىرىنى تۇتۇش

1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چەت ئەلدىكى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى سودا گۇرۇھىنىڭ قارا قوللىرى تەرىپىدىن بىر كىلو خىروييىننى ئېلىمىز چېگرىسىدىن كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغانلىقى ھەققىدە جىددىي مەخپىي خەۋەر كەلدى. خۇنجىراپ تاموژنىسىدىكىلەر جىددىيلىشىپ قالدى. بۇ كۈنى ھاۋانىڭ ئەلپازى ئىنتايىن يامان بولۇپ خۇنجىراپ دالىسى، پىلال تاغلىرى، مىڭتېكە داۋىنى، ھەيۋەتلىك قارلىق چوققا، مۇز تاغمۇ قارا تۇتەك ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغانىدى. دەسلەپ ناھايىتى قويۇق قار ياغدى، ئاندىن بوران ئارىلاش جۇدۇن بولۇپ شىددەتلىك شۇۋىرغانغا ئايلىنىپ كەتتى. قاينام ئىمارەتشاھ كېچىدە ئۇزمەي تاماكا چېكىپ ئەتە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە ئىشنى قانداق باشلاش، قانداق قول سېلىش كېرەكلىكى ھەققىدە باش قاتۇردى. خىروييىننىڭ ئېلىمىز چېگرىسىدىن كىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىشەنچلىك ئاخبارات پاكىتقا ئايلاندى. خىرويىن ئەتكەسچىلىرى ئۇستا كېلىپ كۆزىمىزنى باغلاپ، بىزنى ئازدۇرۇپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق. ئۇ قازاندەك قارا، جۇت قاپلىغان دېرىزە سىرتىغا قاراپ ئۇزمەي تاماكا چېكىپ ئەتىكى ھەرىكەتنىڭ مۇكەممەل پىلانىنى ئۆز كۆڭلىدە پىشۇرۇپ چىقتى. سۇبھى مەزگىلدە تاموژنىدىكى بارلىق خادىملار تولۇق تەييارلىق بىلەن سەپراس بولدى. قاينام ئىمارەتشاھ ئىنچام، قىسقا سۆزلىدى:

— بۈگۈن خۇنجىراپ تاموژنىسى تارىخىدىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ تاموژنا تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئەڭ چوڭ زەھەرلىك چېكىملىك دېلوسى مۇشۇ يەردە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى شەرتسىز ئورۇندىشى لازىم. كىمكى قىلچە بىخەستەلىك قىلىدىكەن، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ دېلو پاش قىلىنمىسا، خۇنجىراپ تاموژنىسى ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك خاتالىقى ئۆتكۈزدى، دەپ قارىلىپ جازاغا تارتىلىدۇ...

ھەر بىر ئەزىمەت بەلگىلەنگەن نۇقتىلار بويىچە قاتتىق كونترولدا تۇردى. بۈگۈن بۇ يەردىن ئىككى يۈز مېھمان ئۆتىدۇ. خىرويىن زادى كىمدە، قەيەردە؟ ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىش، ئورتاق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئون گۇمانلىق نۇقتا بېكىتىلدى. تېخىمۇ ئىنچىكە مۇھاكىمىدىن كېيىن بەش ئادەم رەسمىي گۇمانلىق دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ قاتتىق تەكشۈرۈلدى. خۇنجىراپ ئەزىمەتلىرى ئازماي توغرا دىئاگنوز قويغانىدى. بىرى، 450 گرام خىروييىننى يوتىسىغا، يەنە بىر شېرىكى 590 گرام خىروييىننى بېلىگە باغلىۋالغانىدى. قالغان ئۈچ ئادەمدىنمۇ بىر مۇنچە ئەتكەس ماللار تېپىلدى. ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. دۆلەت تاموژنا باش مەھكىمىسى بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەپ خۇنجىراپ تاموژنىسىغا «مەملىكەت بويىچە ئىلغار تاموژنا» دەپ نام بېرىپ تەقدىرلىدى.

## ۋەتەنگە شۇڭقار كېرەك

ۋەتەنگە ئەلۋەتتە شۇڭقار كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، نۇرغۇن شۇڭقارلار ئادەملەرنىڭ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلى ئۆز ۋەتىنىدە ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى.

بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تەگرىتاغلىرىنىڭ چوققىلىرى، تارىم ۋادىسىدىكى ئېپتىمالىي

توغراقلىقلاردا ياشاۋاتقان چىرايلىق شۇڭقار-
لارنى مەخپىي ھالدا تۇتۇپ، ئازغىنا پۇل
ئۈچۈن چەت ئەللىكلەرگە ساتتى. بولمىسا،
چەتتىن كەلگەن ئەتكەسچىلەر بۇ زېمىندىن
ھەرگىزمۇ شۇڭقار تۇتالمايتتى. ئۇلار بىز-
نىڭ نادان خەلقىمىزنىڭ پۇلغا ئامراقلىقى-
دىن پايدىلىنىپ ۋەتەن ئاسمىنىدا ئەركىن
پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قىممەتلىك شۇڭقار-
لارنى تۇتتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. خۇنجىراپ
تاموژنىسىدىكى ئەزىمەتلەر چايدان، ئونئال-
غۇ قاپلىرىغا، يەشىكلەرگە بەنت قىلىپ ئې-
لىپ مېڭىلغان 97 دانە ئېسىل شۇڭقارنى
چەت ئەللىك ئەتكەسچىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن
قۇتقۇزۇپ، ۋەتەن زېمىنىغا قايتا قويۇپ بەردى.

## مەڭگۇ يېڭى گىلەم

ئۇنى قانچىلىغان ئەسىرلەر داۋامىدا ئاتا-
بوۋىلىرىمىز ئەجدادلار تەۋەررۈكى، بۈيۈك
ھۈنەر - سەنئەت مىراسى سۈپىتىدە بىزگە
قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. پۇلدىن ئىبارەت
بىز مەڭگۇ تويمايدىغان بۇ شېرىن نىجا-
سەت ئەقلىمىزنى بۇلغاپ ئۇنى چەت ئەللىك-
لەرگە، بىزگە جىق كۆرۈنگەن ئاز پۇلغا
ساتقۇزدى. كوچىلىرىمىزدا سۆرۈلۈپ يۈرگەن
چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىشكىلىرىمىزدىن خاتىر-
جەم ئۇسسۇپ كىرىپ كونا گىلەمگە تەگلە-
گەن پۇللىرى ئاستىدا بىرمۇنچىلىغان نارەسى-
دەلىرىمىزنىڭ بۇلغانغانلىقى، بوۋىلىرىمىزنىڭ
روھىنى ساتقانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە بېرىل-
گەن ھەق جازا ئىكەنلىكىنى قانداق ئويلى-
ساق بولاركىنتاڭ؟

كوچىلىرىمىزدىن نۇرغۇن كونا گىلەملەر
يىغىپ كېتىلدى. كونا گىلىمىمىز بارلاردىن
ساتىدىغانلىرىمىز قانچىلىكتۇ؟ نۇرغۇن گىلەم-
لەر چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى.
تاموژنا ئەزىمەتلىرى ئاشۇ ئەڭ قىممەتلىك،
دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان، ئەمما مەڭگۇ يېڭى
تۇرۇۋاتقان گىلەمدىن 136 پارچىنى تۇتۇپ قالدى.

## دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ قوليازما بىزدە

ھازىر دۇنيادا مۇقەددەس كالامىمىز قۇر-
ئانى كەرىمنىڭ ئەڭ بالدۇرقى قوليازمىسى-
دىن ئاران بەشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچىسى
بىزنىڭ يۇرتىمىزدا. ئۇ دۇنيا ئىسلام تارى-
خىدىكى شۇنداقلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسلام
تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك
ئەڭگۈشتەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادىكى
نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرى، ئالىملىرى، ئۆلىما-
لىرى ئۇنى بىر كۆرۈشنى، ئېپى كەلسە
قولغا چۈشۈرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىدۇ. ئاتا-
بوۋىلىرىمىز ئۇنى جانلىرىدىن كېچىپ
ساقلاپ كەلدى. شۇ قوليازمىنىڭ بىرسى
چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلىش ئالدىدا
خۇنجىراپ ئەزىمەتلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى.

## قار كۆچكەندەك بېسىپ كەلدى

خۇنجىراپ تاموژنىسىدىن كىرىپ - چە-
قىۋاتقانلار ھەر خىل مەقسەت - مۇددىئا
بىلەن دۇنيانىڭ ھەر يەرلىرىدىن كەلگەن
ھەر خىل ئىرق، مىللەت، دىن، قەبىلىلەر-
نىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە قارا
قوللار، سودىگەرلەر، ئەتكەسچىلەر، تەۋەككۈل-
چىلەرمۇ بار. شۇڭا، تاموژنىدىكى ھەر بىر
ئادەم ھەر قانچە مۇشكۈلچىلىك، جىددىيچى-
لىك، ئاۋارىچىلىق ئىچىدە ياشىسىمۇ، ئىش
بېجىرىشتا پرىنسىپچان، ئادىل، ئىستىلدا
پاك بولۇپ، ھامان ئىنتايىن سەزگۈر تۇرۇ-
شى كېرەك. بۇ يەردە ھە دېسىلا ئالتۇن
ئۈزۈكلەر، ئالماس كۆزلۈك بىلەيزۈكلار، سىر-
لىق پارقىراپ تۇرغان كۆزلەر ئۇلارنىڭ
مۇداپىئە ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ، ماللى-
رىغا باج ئالماسلىققا، ئەتكەس ماللارنى
ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كۆز سالماسلىققا ئۈندەيدۇ.
ئالتۇن جابدۇقلار ئۇلارنىڭ روھىنى ئەسىرگە
ئالالمىغاندا، يوغان، چۇپۇرلۇق قوللار

دومۇسنى قايرىپ قويۇپ، شاراقلاپ تۇرغان ئامېرىكا دوللىرىنى ئەگلەيدۇ. ھەتتا يانچۇقىغا تىقىپ قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئادەتتىكى خادىملارنى باش ئەگدۈرەلمەي، ھەرقايسى بۆلۈم باشلىقلىرى ھەتتا تاموژنا باشلىقلىرىغا تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئەمما ئۇلار قانداق كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## ئەمەلدارلار باغىقى

باج ئېلىشقا تېگىشلىك ھەرخىل ماللارغا قانۇن بويىچە باج قويۇلۇپ، پارا بېرىش ئاقىغاندىن كېيىن، باج تۆلەنگىچە تۇتۇپ تۇرۇلدى؛ ھەرخىل ئەتكەس ماللار تۇتۇپ قېلىندى. پارا بېرىش يولىنى تاللىغان كىشىلەر تاموژنىدىن پارا يولىنى ئاچالمىغاندىن كېيىن خام تاما، ئۆمۈچۈك تورىدەك مۇناسىۋەت يوللىرىغا تەلۋىلىك بىلەن ئېتىلىپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە پېتىراپ دىپلوماتىيە ئۇرۇشى قوزغىدى. تاموژنىدىكىلەرنىڭ دادىلىرى، ئانىلىرى، تاغىلىرى ھەتتا تاۋى نازۇك دىلبەرلىرىنى ئارىغا قويۇش مەقسىتىدە ئېلىپ كەلگەن مال ئىگىلىرىگە ئۇلار سەۋرچانلىق، چىدام، يۈزسىزلىك بىلەن قانۇن تىلىدا مۇلايىم گەپ قىلىپ تۇغقانلار ئارىسىدا تاپا - تەنىگە، سېسىق گەپكە قالدى. دىپلوماتىيە ئۇرۇشى بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەي ئەكسىچە تېخىمۇ زور قۇربان بېرىشلەرگە دۇچ كەلدى. ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، ناھىيىلەر ھەتتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك چوڭ ئەمەلدارلار «خەلقپەرۋەر» بولۇپ، «خەلق تەرەپتە تۇرۇپ» تاموژنا بىلەن دىپلوماتىيە ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ سىلىق بىشارەت، مۇلايىم تەھدىت تىللىرىدا يېزىلغان باغاقلىرى خۇنجىراپقا قاردەك ياغقىلى تۇردى. باغاقلاردىكى ھۆرمەتلىك ئىسىملار ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بۇز - بۇز تەرلىتىۋەتتى. مال ئىگىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا غالىبلارچە كۈلۈپ تۇردى. بۇ كۈلكە «ئالتۇن، دوللار سەن ئەخمەقلەرگە لازىم بولىدىغان بىلەن....» دېگەن مۇزىكىدەك تەكتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس كۈلكە ئىدى. خۇنجىراپ يېلپىزلىرى بۇغىلار ئەخمەق قىلىپ ئوزۇقسىز قالغاندەك ئۇيان - بۇيان تىپىرلاپ قېلىشتى. شىرە ئۈستىدىكى دۆۋىلىنىپ تۇرغان باغاققا قاراپ ئۈزمەي تاماكا شوراپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن قايىنام ئىمارەتشاھ كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە:

— ھەممىڭلار سىرتقا چىقىڭلار! — دەپ سىرتقا ماڭدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇ، ھەيۋەتلىك مۇز تاغقا ئېڭىكى بىلەن ئىشارەت قىلدى:

— بىز دەل ئۇنىڭ يىلتىزى ئۈستىدە ياشاۋاتىمىز. ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇنى ھېچكىم، ھېچقانداق مەخلۇق ھېچنېمە قىلىۋېتەلمىدى. بىز ئۇنى ئۇستاز تۇتساق دەيمەن.

قايىنامنىڭ خاتىرجەم كۈلكىسى بىلەن خۇنجىراپ ئەزىمەتلىرىنىڭ چېھرىسىدە غالىبانە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.


## خاتىمە

خۇنجىراپ ھەققىدىكى گەپ تېخى تۈگىگىنى يوق. مىليونلىغان ئادەملەر تولىمۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، بۇ «يىپەك يولى ئېغىزى»نى كۆرۈپ كېتىۋاتىدۇ. خۇنجىراپ ئېغىزى، قۇرۇم تاغلىرى، مۇزتاغ ئاتا، مىڭتېپكە ئېغىزى ئەسىرلەرنىڭ تىرىك گۇۋاھچىسى بولۇشتىن قالغىنى يوق. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭمۇ مۇخ يولىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «بۈيۈك كارۋان يولى» ئۈچۈن قانداق ئىز سالغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشىنى ئۆتۈنىمەن. ئۆزىمىزنى بىلىسگەندەك، بۇ يەرنى بىلمەسلىكمۇ بىر بەختسىزلىك، خالاس.

1992 - يىل سېنتەبىر - ئۆكتەبىر، قەشقەر



# توك كېتىدۇ



**ئابدۇللا ساۋۇت**

توك ھەققىدە شېئىر يازدىم، تاشلاڭ بىگاھ، توك كېتىدۇ،
بارمۇ بىزدە سەۋەن ياكى ئېغىر گۇناھ، توك كېتىدۇ،
قاراڭغۇدا زار قاقشايمىز چېكىپ كۆپ ئاھ، توك كېتىدۇ،
ئاللا ئىگەم بۇنداق توكقا بەرسۇن پاناھ، توك كېتىدۇ،
توك كەتمەيدۇ دېگەن دوستلار بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

نەچچە مىڭ كويى خەجلىدۇق بۇ توكقا بىز ئاشىق بولۇپ،
پۇلنى كۆرگەندە شۇ توك دەيتۇ، كېلەي تالىق بولۇپ،
قاپتىمىز بىزمۇ شۇ توكقا زەپ بىلەن لايىق بولۇپ،
ئەمدە قىلدۇق، ئەمدىگە ئۆتمەك ئۈچۈن سادىق بولۇپ،
ئەمدىنى بۇزدى بۇ توك، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

نەچچە يەرنى كولىدۇق، كەلدۇق ئاڭا تۈۋرۈك قاداپ،
مىڭ جاپادا تارتتۇق ئۈپتۈز، زەپمۇ رەتلىك سىمتاناپ،
ئۆي - ئىمارەت، كوچىلارغا لامپا ئاستۇق بىھېساب،
توكمۇ كەلدى، نۇر - يورۇقلۇق كەتتى ھەريانغا تاراپ،
تىللىدۇق بىز كىم دېسە، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

ۋە لېكىن نۇر شادلىقى ئانچە ئۇزاققا بارمىدى،
كەتسە توك، دەپتۇق يەنە، توك بار، يىراققا بارمىدى،
بارسا قەشقەرگە بارار، يا توققۇزاققا بارمىدى،
مەيلى بىر رەت كەتسە توك، ئىككى ساناققا بارمىدى،
ئاشتى چەكتىن بۇ ساناق، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

نە ئۈچۈن كەلمەيدۇ توك، دەپ تاشلىدۇق كۆرمىڭ سوئال،
ھېچ جاۋاب كەلمەي كۈتۈپ تۈندە بېسىپ قالدى خىيال،
بىلمىدۇق بىز قايسى دانا تاپتى بۇ توكقا ئامال،
دەپتۇ: توكمۇ يەيدىكەن ئۇن، ياغ، گۈرۈچ ھەم چارۋا مال،
قانىما شۇ ئېھتىياج بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

چارە تاپتۇق كەتسە توك بىزمۇ يۈگۈردۇق ئارقىدىن،
نەپسىدىن كەچتۇق، گۈرۈچ، ياغلارنى بەردۇق ئارقىدىن،
توك ئۈچۈن «خوش» دەپ چاپان، تەخسە كۆتۈردۇق ئارقىدىن،
كەلسە توك بولدۇق خۇشال، كۆكرەكنى كەردۇق ئارقىدىن،
بولمىدى بەرگەنگە رازى، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

قوي توشۇپ ئۆپراپ ئۆكەپتۇ جىم - پىكاپىنىڭ چاقلىرى،
كەتتى يۈرتىنىڭ بىھساب ياڭاقۇ، جىگدە، قاقلىرى،
تاللىدى يالاقچىنىڭ قول ھەم بېلى، پاچاقلىرى،
شۇنچە بەرسەڭ سەرىمەي توكنىڭ يەنە قورساقلىرى،
دەپتۇ: قوغۇن... بولمىسا، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

گەر بېرىپ قالساق قورۇق، دەشنەم بېرىپ ھەيدەيدىكەن،
ئۆلى بەرسەڭ، بۆلى بەرسەڭ، يەنە بەرسەڭ دەيدىكەن،
دۆت ئىكەنمىز، بىلمىدۇق توكمۇ تېخى يۇلۇڭ يەيدىكەن،
قوشمىساق يۆگىغا ئۆلاي بىر زەررە توك كەلمەيدىكەن،
كۆپ ئۆلاي تاپماقمۇ تەس، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

توخۇسىنى توك يېگەچكە قانچە فېرما بولدى گۇم،
ئەندى قالداق قىلغۇلۇقتۇ بەرمىسەك توكقا توخۇم،
دەپ ئېلىش بوپقالدى توكقا ھەر قاچان ئادەت - ئۆدۇم،
قالدى بىزدىن ئالمىغان تاغ، تاشۇ - تۇپراق ھەممە قۇم،
ئۆنى بەرسەكمۇ، لېكىن... بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

كېتىدۇ توك دەۋېرىپ توكنى قىلىپ قويدۇم خاپا،
كېلىدۇ دەي، كەلسە توك يوللاردا تارتماستىن جاپا،
كەلدى راست، كەلدى، بۇ توك، باركەن بۇ توكتا چىن ۋاپا،
كەلدى، «لاپ» قىلدى شۇئان، ئۆچتى مانا، قىلماڭ تاپا،
«لاپ» قا ئىشتەي ساقلىماي بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

يەنە شۇ توك توغرۇلۇق قىلسام بۇ شېئىرىمنى داۋام،
شائىرىم ۋات - ۋات ئىكەن دەپ رەنجىمەڭلار خاس - ئام،
بولمىدى توك توغرۇلۇق قىلماقچى بولغان سۆز تامام،
توكنى دەپ ھەر خىل بۇيۇم ئالدىم ئۆيۈمگە، يوق چالام،
ئۇقمىدىم، دوستلار دېسە بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

ناخشا ئاڭلاي دەپ سېلىپ ئۈنئالغۇغا بىر لېنتا گەر،
باشتىنىمدا «ئاللا يارەي» ياڭرىغاي شوخ شۇ قەدەر،
تۈگىمەي «ۋاي دادىيى» توك غەيىپدە قاچقاي بەدەر،
ئاڭلىماي بىر ناخشىنى باشتىن - ئاياغ، كەچ يا سەھەر،
ئۆز - ئۆزۈمگە ئېيتتىم مەن، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

خوش ئىدىم قىممەت باھا كىرئالغۇنى ئالغان چېغىم،
بەك ئاسان يۇماق دېدىم ئىشتان - چاپان سالغان چېغىم،
چۆرگىلەپلا قالدى توختاپ زوقلىنىپ تۇرغان چېغىم،
كەلدى توك، داسقا چىلاپ كىرنى يۇيۇپ بولغان چېغىم،
كەلمىگەي كۆتكەندە دەل، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

تولمىماي توڭلاتقۇمىز گۆشلەر سېسىپتۇ، ئىت يېدى،
توك ئۇچاق ھەم توك كاۋابدان توپا باستى، ئۇخلىدى،
دات بېسىپ توك دەزمىلى داشقالغا زېپمۇ ئۇخشىدى،
توكى يوق بارچە سەرەمجان خىزمىتىدىن توختىدى،
كەلسە توك خوش بولمىدىم، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

تېلېۋىزور باشلانسا كەچ دىققەتتە ئاڭلايمىز خەۋەر،
توك كېتىپ قالغاندىمۇ ئېكرانغا تاشلايمىز نەزەر،
ئىككى سائەت كۈتىمىز ياستۇققا ئاخىر باش تېگەر،
توك كېلەر، ئۇخلاپ - قېتىپ قالغاندا بىزدىن بىخەۋەر،
يەنە تاڭ ئاتقان چېغى بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

كەتتى توك، قايناپ قازان پىشقان چېغىدا ئاش - تاماق،
چوكىنى ئۇتتۇم لېكىن ئۇتماپتىمەن سۇندى تاۋاق،
بەزى گۆش توغراۋېتىپ قوللارنىمۇ كەستى پىچاق،
نەچچە رەت چىقتى جېدەل، ئۆرۈلدى مەش ھەممە ئوچاق،
ئاشنى كۈندۈزدە ئېتىڭ، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

جابدۇنۇپ كەلسەم زىياپەت، تانسىغا يارنى ئېلىپ،
يورۇماس زالمۇ روشەن توكنىڭ كۈچى ئاجىز كېلىپ،
دەسسىدىم دەپ رومىغا، پۇتقا پۇتۇم دەسسەپ سېلىپ،
رەنجىگەن يار كەتسە مەن مەيدان ئارا يالغۇز قېلىپ،
كۆپ خىجىل بولدۇم ئەجەب، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

مەيلى ئاجىز بولسا بۇ توك، لاپ قىلىپ ئۆچكەن يامان،
قاپقاراڭغۇ زالدا قىزغا ئېسىلىپ سۆيگەن يامان،
ئارقىغا - ئورمان تامان سۆرەپ ئېلىپ كەتكەن يامان،
زال قۇرۇق، كەلگەندە توك، تارتىپ ئىزا ئۆلگەن يامان،
ئاھ، ئەجەب رەسۋاچىلىق، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

كەتسە توك، چىققاي بازار كىرسىنچىغا ھەم شامچىغا،
ياخشى پۇرسەت ئەپكەشلەر تۈن ئوغرىغا، ئالدامچىغا،
مال - ۋاران يۈتتى دېدۇق بىز ساقچىغا يا پالچىغا،
مال يوقالدى، چىقمىدى ئوغرى قولى ئارغامچىغا،
ئۇندە ھوشيارلىق كېرەك، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

كەتسە توك شۇئان جىمىپ توختايدىكەن ئۈن زاۋۇتى،
پاختا زاۋۇت، تاختا زاۋۇت، شال، پەلەس، ياغ زاۋۇتى،
ئىچكىلى گەر سۇمۇ ھەم بەرمەيدىكەن سۇ زاۋۇتى،
يوق زوۋان، تىنمايدىكەن رادىئو ئۆزبېل - گەپ زاۋۇتى،
كەلسە توك، زاۋۇت ماڭار، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

بەزىلەر دەيدۇ، بۇ توك سەتەڭ خېنىمدەك شوقشىدى،
لاپ قىلىپ قاش ئاتتى، بارساق ھېچقەيەردە يوق ئىدى،
كەلدى - كەتتى، ياندى - ئۆچتى، بىزنى ھېچ تىنجىتمىدى،
«ئۆزى كەلگەن، ئۆزى كەتكەن يارىمەي» گە ئوخشىدى،
گەر دېسەڭ ئالدامچى، راست، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

يۇرتىمۇ كەڭ، بايلىقىمۇ مول، بار توكقا كۆپلەپ ئېھتىياج،
توك بىلەن روناق تېپىپ كەيمەكمىدۇق باشلارغا تاج،
ئاز كېلىپ توك، كەتتى كۆپلەپ، تاپمىدۇق ھېچبىر ئىلاج،
ۋە لېكىن ياقمايمۇ توك كەلدۇق تۆلەپ ھەق ھەممە باج،
جانغا راھەت دەپتىكەنمىز، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

كەلسە توك كۆپلەپ كېلىپ شۇئان كۆڭۈلنى كۆلدۈرەر،
ۋە لېكىن ئۈنئالغۇنى ھەم تېلېۋىزورنى كۆيدۈرەر،
كەتسە توك، سىمدا چاتاق دەپ ئوكىشىغانىنى ئۆلتۈرەر،
بىلمىدۇق بۇ توك يەنە قانچىلىك غەم كەلتۈرەر،
غەم بىلەن ئۆتسەكمۇ، ھەي... بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.

بەسلىشەر كۈندۈزلىرى توك كۈن، دۈرى - ئاپتاپ بىلەن،
پاتسا كۈن توكمۇ كېتەر نۇرلۇق سەۋەب - ھەر باب بىلەن،
ئۈندە نۇرغا تەلمۈرۈپ تولدى بۇ دىل زەرداپ بىلەن،
ھەل بولار توك قايسى باشلىق، قايسى چوڭ ئەرباب بىلەن،
شۇ سوئالدا دەر پىدائىي، بولۇڭ ئاگاھ، توك كېتىدۇ.



# ئاچچىق ھېسلار

ياسىنجان سادىق

I

بۇ شەھەرنىڭ كىندىكىگە — ئادەملەر ئەڭ كۆپ توپلىشىدىغان، سودا - سېتىق ئىنتايىن قىزىيدىغان يەرگە مەدەنىيەت ئۆيى جايلاشقان. بۇ يەردىن ھەر خىل كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىشقا ۋە ھەر خىل كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنى خالىغانچە كۆرۈشكە، ئوقۇشقا بولىدۇ. مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كىچىكرەك سەينا — شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان مەدەنىيەت سورۇنى. بۇ يەر بىلىيارت ئاختىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن. ھەر بىر بىلىيارت ئاختىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ياشلار خۇددى نىجاسەتكە ئولاشقان چىۋىنلاردەك مىغ - مىغ. ئەنە شۇ بىلىيارتچى ياشلارنىڭ پاراڭ - چۇرۇڭىنىڭ دەستىدىن مەدەنىيەت ئۆيىدە ئولتۇرۇپ خاتىرجەم كىتاب - ماتېرىيال كۆرۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

مەن بۇ يەرگە داۋاملىق كېلىپ تۇرىمەن. ھەر دائىم قارىسام، بىلىيارت مەيدانىدا ياشلار مىغىلداپ تۇرغىنى بىلەن، شۇنچە يوغان مەدەنىيەت ئۆيىدە ئاران بەش - ئونلا ئادەم بار. بۇ ئۆينى باشقۇرىدىغان كېكەچ قىزنىڭ تاماكىسىنى تارتىپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى كەندىر پۇرىقىغا توشقۇزۇپ كۈن بويى مۈگدەپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. مېنىڭ كۆزۈم كىتابتا بولغىنى بىلەن، قۇلىقىم ھەر دائىم ئاشۇ بىلىيارت سورۇنىدا.

— ھوي ئاداش، ئالدىرىماڭلا. نۆۋەت ماڭا كەلدى.

— نېمە دەۋاتىسىلە ھوي ئاغىنە. مەن نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغىلى قاق بىر سائەت بولدى. سىلىگە كېلىدىغان نەنىڭ نۆۋىتىكەن ئۇ.

— ئاداش، كۆكلىمەي ماندىقىراق تۇرۇڭلا. ئۆچرەت دېگەن نەرسىنى بىلىدىغانسىلە ھەقىچان. ھېلىقى بىر سائەتكەن، بىر كۈن ساقلاپ تۇرساڭلىمۇ كىمنىڭ چاتىقى. ھازىر نۆۋەت ماڭا كەلدى.

— تولا ئۇششۇقلۇق قىلما جۇمۇ!

— ھۆركىرىمە جۇمۇ ھەزىلەك.

— بولدى - بولدى، سەتلەشمەڭلار ئاغىنىلەر. مۇشۇنچىلىك ئىشنى تالىشىپ ياقا سىقىشقان بارمۇ؟

ھېرىسمەنلىك ئادەمنىڭ سەۋرى قاچىسىنى چاقىدۇ. جەمئىيەتتە پايدىلىق، ساۋابلىق ئىشلارغا ھېرىس قىلىدىغانلاردىن كۆرە، يامان ئىشلارغا، پايدىسىز نەرسىلەرگە ھېرىس قىلىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيا نادانلار دۇنياسى. شۇڭلاشقا، ئاقىللاردىن نادانلارنىڭ كۆپ بولۇشى دەر ھەقىقەت.

— چى... چىقىڭلار... ئىشىكنى... تا... تاقايمەن... ۋا ...قىت... تو... توشتى...

— تېخى يەنە 40 مىنۇت بارغۇ ئاكا. مانا كىتابنىڭ پەقەت بەش بەتلا يېرى قالغانتى. شاققىدە ئوقۇپ تۈگىتىۋالغان بولسام.

— بۇ... بولمايدۇ... چىقىڭ... ئە... ئەتىگەندىن بېرى... مى... مىدىرلىماي... كىتاب كۆرۈپ... كۆ... كۆتىگىز سېسىپ... كە... كەتمىدى سىزنىڭ... چى... چىقىڭ!

بۇ كېكەچ قېرىنىڭ خۇيى ئاشۇنداق. ئۆزى بىر مەدەنىيەت ئۆيىنى باشقۇرغىنى بىلەن ئۆمرىدە كىتابتىن بىرنى تۈگىتىپ ئوقۇغىنىنى بىلمەيدۇ. ھەر كۈنى بۇ تۆت توكتوك بىچارە كىتاب خۇمارلارنى تۇزۇكرەك كىتاب ئوقۇغىلى قويمايلا، بىرەر - يېرىم سائەت بۇرۇنلا ئىشىكنى تاقاپ ئۇدۇل ئىلپەتلىرىنىڭ قېشىغا — چەلپىنىڭ تۆۋىگە يۈگۈرۈيدۇ.

مەن دۇنيادا ھەر قانداق ئىشنى شۇ ئىشنىڭ، شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولغان ئادەمنىڭ قىلىشىنى، مەسئۇل بولۇشىنى ئانچە ئارزۇ قىلىپ كېتىمەن. چۈنكى گاچىنى سەھنىگە چىقىرىپ قويغاندا ئاندىن ھەقىقىي ناخشىچىنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئېشەكنى مۇنبەردە كۆرگەندە ئاندىن ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىززىتى، ھۆرمىتى، ئەتىۋارى بولىدۇ. ئەتراپىڭنى پۈتۈنلەي پاقىنىڭ كۇركىرىشى، ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى قاپلاپ كەتكەندە، بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىغا شۇنچە تەشنا، شۇنچە زوقمەن بولىسەن.

مەدەنىيەت ئۆيى تېخى كۈن ئولتۇرماي تۇرۇپلا تاقىلىپ كەتكىنى بىلەن مۇنۇ بىليارت سورۇنى تۈن تەڭگىچە قايناق بازاردەك قىزىپلا تۇرىدۇ. باشقۇرغۇچى تاكى «بولدى، ئەمدى ۋاقىت توشتى، ئەتە كېلەڭلار» دېمىگىچە بىليارت تالىشىپ ياقا سىقىشىشلار، ئېغىزلارغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن تىللىشىشلار تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

— ئاداش، كۈن بويى بۇ ئالا - بۇلىماچ تاشلارنى بىرتال تاياق بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا دومىلىتىپ ئويناپ زېرىكمەمسىلە؟ — دەپ سورىدۇم تەقەززالىق بىلەن نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان بىر يىگىتتىن.

— تازىمۇ بىر تەخمەق ئاداش ئوخشىمامسىلە نېمە، — دېدى ئۇ باش - ئايىغىمغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، — نېمە، ئۇ زېرىكىش دېگەن. بىلەمسىلە، مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى كەسپىي قىمارۋازلار. قىمارنى بىلەمسىلە، ئويناپ باقمىغان دەمسىلە؟ بىلىپ قويۇڭلا، قىمار دېگەننى ئوغۇل بالىنىڭ خۇۋەيىنسى يەنى ھەقىقىي ئەركەك ئويناىدۇ، — ئۇ ماڭا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن لاپپىدە قاراپ قويۇپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — دەنتىكام دەپ ئوشۇق ئاتىساقچى دېگەن قىلتاقلار خاتىرجەم قىلمىدى. قولىمىزنى گەجگىمىزگە چىقاردى. قارىساق، مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى جانلاندۇرىمىز دەپ بۇ بورت (بىليارت دېمەكچى) دېگەن نەرسىنى پەيدا قىلدى. مۇنداق قاراپ باقساق، بۇنىڭدىمۇ تۆت ئوشۇققا ئوخشاش پۇل تىككىشىپ قىمار ئوينىغىلى بولىدىكەن؛ ئوشۇق ئاتىمىز دەپ تاۋكادا زوڭزىيىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پۇتىمىز تېلىپ، ئىشتىنىمىزنىڭ تىزى يىرتىلىپ كەتكىنى بىلەن بورنىنى ئۆرە تۇرۇپ، سالاپەت بىلەن ئوينايدىكەنمىز. شۇنىڭ بىلەن ئوشۇقنى تاشلاپ دەرھال بۇ نەرسىگە يېپىشتۇق.

— بۇ قانداقمۇ مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى جانلاندۇرغانلىق بولسۇن، ئوپئوچۇق شەكلى ئۆزگەرگەن قىمارغا سورۇن ھازىرلاپ بەرگەنلىكقۇ بۇ ئۆزى؟

— راستىنلا كاللاڭلىنىڭ ئازراق سويى بار ئىكەن - ھە؟ — دېدى ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ، مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — سىلە ھازىرقى دەۋردە مەدەنىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلە؟ گۆشۈيۈپ تۇرغىنىڭلىغا قارىغاندا، بىلمەيدىغان ئوخشايسىلە - ھە. ماقۇل،

مەن دەپ بېرەي، ئوبدانراق ئاڭلىۋېلىڭلا ھازىرقى دەۋردىكى ئەڭ ئىلغار دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى بورت. مەن دۇنيادا بورت ئويناشنى بىلمىگەن ئادەمنى ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتلىك دېمەيمەن. مانا مەن مۇشۇ سورۇندا ھەممە گويىنىڭ بالىلىرى قول قويىدىغان ئۇستا بورتچى. بىر كۈندە ئاز دېگەندە ئىككى - ئۈچ مىڭ كويىنى قومۇرىمەن. دەسلەپتە بۇ نېمىنى ئۆگىنىپ بولغىچە خېلى زىيان تارتقانتىم. مانا ئەمدى پايدىسىنى كۆرۈۋاتىمەن. بىلىپ قېلىڭلا، مەدەنىيەت بىلەن قىمارنى بىرلەشتۈرۈش بىز ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئەڭ بۈيۈك كەشپىياتى. ئەگەر مۇشۇنداق كەشپىياتقا نوبىل مۇكاپىتى بېرىشكە توغرا كەلسە، مانا بىزدەكلەرگە بەرسە بولىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق سەسكەندىم، غەزەپلەندىم، ھاكاۋۇرلۇق، پوچىلىق، مەمەدانلىقىدىن نەپرەتلەندىم.

— بۇ، نادانلىق، ئۇچىغا چىققان مەدەنىيەتسىزلىك! مەن مىللىتىمنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭلا. تېخى بۇنى نادانلىق دەمسىلە. كۆزۈڭلىنى يوغانراق ئېچىپ جاھانغا ئوبدانراق نەزەر سېلىپ بېقىڭلا. پۈتۈن يۇرتنىڭ ھەر بىر قىشلاق، بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ھەممە يەردە بورت بار. ئەگەر بورت ئويناش نادانلىق بولسا، شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ چۆرىسىگە جۇغلىشارمىدى؟ ھۆكۈمەتمۇ مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى جانلاندۇرىمىز دەپ، ئۇنى پەيدا قىلارمىدى؟ سىلە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان دۆت يېتىمكەنسىلە. ئەگەر بىرسى ھازىرقى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ جانلانغان ئۇچىقى قەيەر دەپ سورىسا، گەپ-سۆز يوق بىزنىڭ مانا مۇشۇ يۇرتنى كۆرسەتسە بولىدۇ. قېنى، قايسى يۇرتتا بىزنىڭ يۇرتىمىزدەك بورت ۋە بورتچىلار جىقكەن؟

— ئۇنداقتا، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنىڭ ئارزۇيىڭلار نېمە؟

— بىزنىڭ ئارزۇيىمىزما؟ — ئۇ تۇيۇقسىزلا سورىغان بۇ سوئالىمغا بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دىمىقىنى قېقىپ مەغرۇرلۇق بىلەن جاۋاب بەردى، — بىزنىڭ ئارزۇيىمىز — ھېلىقى بىر قىسىم ئەركەك توكى يوق خېنىم مىجەزلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش، ئىلىم - مەدەنىيەت ئۆگىنىش، مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش دېگەندەك لاتا پاراڭلىرى بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدۇ. بىلىپ قېلىڭلا، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز شۇكى: بىزگە كۈندە بورت، قاۋاق، ھاراق، جالاپ كېرەك، ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا.

— ناھايىتىمۇ ئېسىل ئارزۇيىڭلا بار ئىكەن ئاداش، — دېدىم مەن غەزىپىمنى زورىغا بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، — ئىتتىنمۇ ئارزۇيىڭ نېمە دەپ سورىسا، ھەممە ئادەم ماڭا ئوخشاش گوداڭ يالىسۇن، دەيدۇ ئەمەسمۇ؟

## II

مەن ئەتىگەندە ئىشقا كېتىۋېتىپ، كۈتمىگەندە بىر ماجىراغا گۇۋاھ بولۇپ قالدىم. بۇ بىر توپ باققال، ناۋاي، لەڭپۇڭچى، ئۇششاق يايمىچىلارنىڭ جېدەللى ئىدى.

— ھوي، غالتەكلىرىنى مايانغىراق تارتسىلا، بۇ مېنىڭ جايىم.

— مېنىڭ جايىم؟ سىلى سېتىۋالغان يەر ئەمەستۇ بۇ ھەقىچان. ھەر دائىم بازارنىڭ تازا قىزىيدىغان يۇقىرى تەرىپىدە سىلىلا ئولتۇرمىسىلا، بىزمۇ ئولتۇرۇپ باقايلى.

— بۇ مېنىڭ داۋاملىق ئولتۇرۇپ كەلگەن جايىم. سېتىۋالمىغان بىلەن بازار

باشقۇرۇشتىكىلەر ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەن. چىرايلىقچە تارتىسلا دەيمەن ماۋۇ ئەبجەق غالتەكلىرىنى.

— سىلى تۆلىگەن بازار باشقۇرۇش ھەققىنى مەنمۇ تۆلىگەن. سىلى ماڭا تولا زوتالىق قىلمىسىلا، مېنىڭ مۇشۇ جايدا ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. ھۆرمەتلىرىنى قىلىپ گەپ قىلمىسام ئەجەب بەك كۆكلەيلىميا. ماڭا قارىسىلا، مەن سىلىگە ئوخشاش يېزىدىن تېخى تۈنۈگۈن شەھەرگە كىرىپ ئولتۇرغان ئادەملەردىن ئەمەسمەن. ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ شەھەرنىڭ كىندىكىدە چوڭ بولغان. نەدىكى سەھرالىقلار تۈنۈگۈن شەھەرگە كىرىۋېلىپ بوزەك ئەتكىلى تۇردىغۇ ئادەمنى. ئىگىسى بار جاھان بۇ.

— ۋايىيەي، تېخى تۈنۈگۈن بىر لەڭپۇڭ غالتىكى سۆرۈۋالغان ماۋۇ كاتتا تىجارەتچى بۈگۈن ئەجەب يوغۇناپ كېتىپتۇيا. ماڭا قارىسىلا، مەنچۇ، شەھەرگە كىرىپ ئولتۇرغىلى توپتوغرا 30 يىل بولدى. ئاشۇ 30 يىلدىن بېرى مۇشۇ باققالچىلىقنى قىلىۋاتىمەن. مەندەك نامى چىققان 30 يىللىق باققالنى بۇ شەھەردە تونۇمايدىغان ئادەم يوق. مۇشۇ ئەتراپتىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ئەڭ كونىسى مانا مەن بولىمەن. سىلىگە ئوخشاش تېخى تۈنۈگۈن تىجارەت قىلىشقا باشلىغان سوكال تىجارەتچىلەردىن ئەمەسمەن. شۇڭلاشقا، مەن باشتا ئولتۇرسام، باشقا تىجارەتچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى قارشى چىقمايدۇ. سىلىمۇ ئاتا-بوۋامدىن تارتىپ مۇشۇ شەھەردە چوڭ بولغان دەۋالمىسىلا، تەگلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، بوۋىلىرىنىڭ بوۋىلىرى ياقا يۇرتتىن ئېقىپ كەلگەن خەق. مەن يېزىدىن كىرگەن بولساممۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ ئادىمى. ياقا يۇرتلۇق پالاندىلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئەمەسمەن. مېنىڭ زادى مۇشۇ جايدا ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. تارتىسلا غالتەكلىرىنى، لەڭپۇڭلىرىنى نەگە ئاپىرىپ ساتسىلا ساتسىلا، بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتلىرىغا بېرىپ ساتسىلا. بىزنى سەل چاغلىمىسىلا، ياقا يۇرتلۇقلارغا بوزەك بولىدىغان ئادەم يوق بۇ يەردە.

— سىلىمۇ گۇل - قاقلىرىنى نەگە ئاپىرىپ ساتسىلا ساتسىلا، كونا باققال بولسىلا ئۆزلىرىگە. ھۆكۈمەتنىڭ لەڭپۇڭچى باققالنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرسۇن دەيدىغان قانۇنى يوق. مېنىڭ مۇشۇ جايدا ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان.

— راست دەيدۇ. كونا تىجارەتچىلەرنىڭ ئايىغىدا يېڭى تىجارەتچىلەر ئولتۇرسۇن دەيدىغان قائىدە نەدە بار ئىكەن. قاچانلا بولسا بازارنىڭ كۆزى مۇشۇلارنىڭ بولامدۇ زادى.

— ھوي، ئىنساب بىلەن گەپ قىلسىلى. ھەر قايسىلىرىغا تىجارەت قىلىشنى ئۆگەتكەنمۇ مانا بىزگە ئوخشاش تىجارەتچىلەر. ئەمدى ھۈنەرنى ئۆگىنىۋېلىپلا بېشىمىزغا چىقىۋالساڭلار بولامتى.

— سىلىگە پۇل لازىم بولسا، بىزگىمۇ لازىم. ئۆيدىكى ئالتە جان مېنىڭ مۇشۇ لەڭپۇڭچىلىق ھۈنىرىمگە قاراشلىق.

— باشقا ئادەممۇ خەقنىڭ پۇلىنى بۇلىۋالمايدۇ، خۇددى سىلىدەك بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇپ تىجارەت قىلىپ تاپىدۇ.

— باققال باققالنىڭ قېشىدا ئولتۇرسۇن، لەڭپۇڭچى لەڭپۇڭچىنىڭ قېشىغا بېرىپ لەڭپۇڭنى ساتسۇن.

— بۇ يەردە ئەڭ ئاۋۋال ناۋايلار تىجارەت قىلغان، باشقىلار نەگە بېرىپ تىجارىتىنى قىلسا قىلسۇن.

— ئىنساب، ئىنساب بىلەن گەپ قىلايلى تۇغقانلار، بىز مۇشۇ يۇرتتا تۇغما تۇرۇپ بىر - بىرىمىزنى پاتۇرمىساق، جېدەل - ماجىرا قىلىشساق سەت ئەمەسمۇ.

بىر - ئىككى غېرىچ يەر ئۈچۈن يېزىلىق - شەھەرلىك، كونا - يېڭى دەپ ئولتۇرۇشماي چىرايلىق كېلىشىپ تىجارىتىمىزنى قىلايلى. خۇي - پەيلىمىزنىڭ يامانلىقىدىن مۇشۇ كۈنگە قالغان خەق بىز. ئۇنداق قىلىشمايلى جېنىم تۇغقانلار، خىجىل بولايلى.

مەن سۈكۈتكە چۆمگەن جېدەل ئەھلىنىڭ قېشىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم:

ھېلىقى ئادەمنىڭ ئېيتقان گەپلىرى بىر-ھەق. قىتىغۇرلۇق، ئىچى يامانلىق، كۆرەلمەسلىك، ئىناقسىزلىق، بىر - بىرىنىڭ ئۇلىنى كولاش — بىز خەقنىڭ قىن - قىنىغا سىڭىپ كەتكەن مەرەز كېسەل. بىز ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان مۇنۇ تەمسىلنى ياخشىراق مۇلاھىزە قىلىپ باقساق بولغىدەك:

«چۆجىنىڭ شۇملىقىدىن توخۇنىڭ ئەپچىكى يوق».

# ئەبجەش خىياللار

مەھمۇت سىدىق

## قەدىمكى رىۋايەت

ئۆزىنىڭ گۆر ئاغزىغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سەزگەن باي ئوغلىنى خاس خانىسىغا چاقىرتىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپتۇ:

— بالام، مەن باشقۇرۇپ كەلگەن ئىگىلىك ئەمدى سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتىدۇ. ئاڭلاپ تۇر، سېنىڭ بوۋاڭنىڭ بوۋىسى ئەسلىدە قول ئىكەن، كېيىن قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بوپتۇ. كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ ئاخىرى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئازغىنە مال - دۇنيا قالدۇرۇپ ئارمان بىلەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى يەنى مېنىڭ ئاتام بولسا جاپالىق ئىشلەپ دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن مال - دۇنيانى بىر ئاز كۆپەيتىپتۇ - دە، سودىگەرچىلىك قىلىپ باي بولۇشنى ئويلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ ۋە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، نۇرغۇن شەھەر، قەلئە، ئايماقلارغا بېرىپتۇ. جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭ. ئۇ ماڭا - ماڭا ئاخىرى قۇم - بورانلىرى ھۇشقۇيتۇپ تۇرغان بىر چۆلگە كېلىپ قاپتۇ. باشقا يولۇچىلاردىن ئۇقۇپ كۆرگۈدەك بولسا، بۇ چۆلنىڭ بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق، يەنە بىر تەرىپى بىپايان دېڭىز ئىكەن. ئاتام قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي ئېگىزراق تۇرغىنىدا ئالدىغا بىر توپ قاراقچىلار پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. مىڭبىر جاپادا يىغقان مال - دۇنياسىنى قاراقچىلارغا تارتقۇزۇپ قويغان ئاتام ئەلەم ئىچىدە قان-زەرداپ يۇتۇپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىپتۇ.

بىر چاغدا قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ناھايىتى يوغان بىر چېدىر تۇرغۇدەك. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان ئاتام ئېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي بۇ چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، چاچ - ساقاللىرى ئۇچىدەك ئاقارغان بىر بوۋاي چۈنچىلىرىگە مەرۋايىت ئۆتكۈزۈلگەن بىر پارچە پايانداز ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك. سالام - سەھەتتىن كېيىن ئاتام بۇ كىشىدىن يەيدىغان بىر نەرسە سېتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

— بۇ يەرگە، كىت، بېلىق، تۆگە ھەم قۇشلارنىڭ گۆشى كەلتۈرۈلىدۇ. ھازىر پەقەت كىت گۆشى بىلەن قۇشقاچ گۆشلا بار، — دەپتۇ بوۋاي.

شۇ ئارىدا بىر ئارغۇن قىز بىر كومزەك مېۋە شەربىتىنى بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپ بولۇپ، يەنە قەيەرگىدۇر غايىب بوپتۇ.

ئاتام تويلىنىپ تۇرماستىنلا:
— قورسىقىم ئېچىپ ھالىمدىن كېتەيلا دېدىم، ئېمىلا بولسا مەيلىتتى، — دەپتۇ.
بوۋاي مېۋە شەربىتى قۇيۇلغان ھىجىرنى ئاتامغا سۇنۇۋېتىپ:
— سىز ئېمە ئادەم، ئالدى بىلەن بۇنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.
— مەن سودىگەر، — دەپتۇ ئاتام ۋە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بوۋاي، — سىز ھازىر قورساق تويغۇزۇشنى ئارزۇ قىلامسىز ياكى تەم، لەززەت ئېلىشنىمۇ؟
ئاتام بىر پەس ئويلىنىپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— ھەر ئىككىلىسىنى.
شۇنىڭ بىلەن ئاتامنىڭ ئالدىغا بىر تاۋاقتا كىت گۆشى ھەم ئازراق قۇشقاچ گۆشى كەلتۈرۈلۈپتۇ.
ئاتام بۇ گۆشلەرنى يېگۇدەك بولسا، كىت گۆشىنىڭ تەمى بۇزۇلغان، قۇشقاچ گۆشى ناھايىتى مەززىلىك تېتىغۇدەك. ئاتام بۇنىڭ سەۋەبىنى بوۋايدىن سوراپتۇ.
— چۈنكى، — دەپتۇ بوۋاي، — كىت چوڭ، ئۇنىڭ گۆشىنى ئۇزۇن ساقلىسا تەمى كېتىپ قالىدۇ. قۇشقاچ كىچىك، ئۇنىڭ گۆشىنىڭ تەمى ئاسان بۇزۇلمايدۇ. ئەمما كىشىلەر كىت گۆشىنىلا يېسە قورساقى تويغان بىلەن لەززەت ئالالمايدۇ، قۇشقاچ گۆشىنىلا يېسە لەززەت ئالغان بىلەن قورساقى تويمايدۇ.
ئاتام ھايات مۇساپىسىدىكى ئۆزى دۇچ كەلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى يېشىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بوۋايدىن يەنە سوراپتۇ:
— بۇنىڭدىن ئۆزگە يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بارمۇ؟
— شۇنداق، — دەپتۇ بوۋاي، — قۇشقاچ كىتكە قارىغاندا تولىمۇ كىچىك جانىۋار. ئادەتتە ئۇنىڭ يۈرىكى مىنۇتىغا 70 — 80 قېتىم سوقىدۇ، كىتنىڭ كۆپ بولغاندا 7 — 8 قېتىم سوقىدۇ.
ئاتام قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ بوۋاي بىلەن يەنە خېلىغىچە ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن چېدىردىن قايتىپ چىقىپتۇ نەچچە ئون قەدەم مېڭىپ ئارقىسىغا قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى چېدىرمۇ، ئادەممۇ يوق تۇرغۇدەك.
ئاتام بۇ سىرلىق كارامەتتىن كېيىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىلىۋاپتۇ. تىجارىتى روناق تېپىپ چوڭ بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ. مەنمۇ ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ھايات سەپىرىمدە گۈزەل باغۇ - بوستانلىقلاردا راھەتلىنىشنى، ئوتلۇق ھارارەت ئۆرلەپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىغا كۆمۈلۈپ تەرلىنىشنى، شۇنىڭدەك دېڭىز سۈيىگە چۆمۈلۈشنى قولدىن بەرمەي كەلدىم. قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىپ تەم ئېلىشنى، لەززەتلىنىشنى تاشلاپ قويمىدىم. سەنمۇ شۇنداق قىل. ئاددىيسى سەن باشقىلارغا بىرەر قاچا سۇ بەرمەكچى بولساڭمۇ، ئۇنىڭغا ئازراق سۈت ئارىلاشتۇرۇپ بەر. مانا مەن دېگەندەك قىلساڭلا ئىشلىرىڭغا بەرىكەت ياغىدۇ.

## يۈگەن

ئۈپۈقتىن كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ نۇرى كۆككە بوي سوزغان توغراق يوپۇرماقلىرى، يۇلغۇن چېچەكلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، تۆۋەنگە شۇڭغۇپ كىرگەندە، قۇمۇش، يانتاق، ئادىراسمان، چاكاندا ۋە باشقا چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆتكۈنچى يامغۇر تامچىلىرى بۆلەكچە يالتىراپ كەتتى. شاخلىرى بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ غايەت زور سايىۋەن ھاسىل قىلغان قېرى توغراق ئاستىدىكى بوشلۇقنى سېلىنجا قىلىپ ئۇخلاۋاتقان يىگىتنىڭ سۇلغۇن چېھرى، قىزلىق

بۇرنى پارقىرىدى. ئۇ قوۋۇپ، كەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىمەمكى نۇرنى تامشىپ ئويغاندى ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆت ئەتراپقا قاراپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، بېلىكىچە كەلگەن چىم - چاتقاللارنى يېرىپ ئالغا قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يوغان قوي كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان دەرەختەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

بۇ يىگىت كىچىكىدە غەمسىز ۋە شوخ ئىدى. جىمى مەۋجۇداتقا ھەۋەس بىلەن قارايتتى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ خىيالچان بولۇپ قالدى. باش - ئاخىرى يوق خىياللار ئۇنىڭغا تېخى سىرىنى بىلىپ بولالمىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن سەپەرگە ئاتلىنىپ، تۈرلۈك - تۈمەن مۆجىزە، سىر - ھېكمەتلەرگە تولغان بۇ دۇنيانى ئايلىنىپ ئاخىرى مانا مۇشۇ چۆلگە كېلىپ قالدى.

شۇ تاپتا ئۇ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. چاتقاللار ئارىسىنى ماكان تۇتقان كېلە، چۆل چاشقىنى، قۇيرۇقلۇق سالملار ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ كۆز ئالدىدا چېپىشىپ يۈرگەن ياۋا توشقانلاردىن بىرەرىنى ئېتىپ گۆشىنى ئوزۇق قىلىشنى ئويلىدى - يۇ، يەنە ئېتىقادى كۈچلۈك دىن مۇخلىسلىرىدا بولىدىغان بىر خىل ھېسسىيات ئۇنى بۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. ئاخىرى ئۇ ئاچلىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي توغراق، يۇلغۇن يىلىملىرى، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ يېدى. بىر تۈپ توغراقنىڭ يېرىقىغا يىغىلىپ قالغان ئازغىنە سۇنى كۆرۈپ، تەبىئەتنىڭ بۇ ساخاۋىتىگە ھەشقاللا ئېيتتى - دە، ئۇنى پاك - پاكىز ئىچىۋەتتى.

ئۇ ئۈمىد ئىچىدە ئارام ئالماي يول يۈرگەن بولسىمۇ، كەچتە يەنە ھېلىقى قېرى توغراق ئاستىغا كېلىپ قالدى. ئەتىسى، ئۆگۈنىسىمۇ ئىش يەنە بىر خىل تەرزدە داۋام قىلدى. لېكىن ئۇ ئۈمىدسىزلەنمىدى.

بىر كېچىسى ئۇ چۈش كۆردى. قارىسا، چىرايىدىن باھار ئاپتىپىدەك نۇر يېغىپ تۇرغان بىر بوۋاي ئۇنىڭدىن سوئال سوراۋاتقۇدەك:

— ئوغلۇم، بۇ سەپەردىن ساڭا قانداق مەنپەئەت باردۇر؟

يىگىت جاۋاب بەردى:

— يوقاتقىنىم بىلەن ئېرىشكىنىم تەڭ، بوۋا.

— نېچۈن تېنىم تاپماي بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىسەن؟

— بۇنىڭدىن مۇددىئايىم شۇكى، جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىلىقىدىكى بۇ ھاياتلىق ئالىمىدىكى مەۋجۇداتلارنى كۆپرەك كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى بىلىۋالاي دەيمەن.

— مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي ئوغلۇم. مەن ساڭا بىر نەرسە يادىكار قىلاي، نېمە تەلەپ قىلىسەن؟

يىگىت بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— ماڭا بىر ئۇچقۇر تۇلپار ئاتا قىلسىڭىز بوۋا.

— مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي.

شۇئان يىگىتنىڭ ئالدىغا ئېگەر، جابدۇقلىرى قاشتېشىدىن ياسالغان، بىر - بىرىدىن پەرق قىلمايدىغان ئۈچ تۇلپار پەيدا بولدى. بوۋاي يىگىتكە قاراپ دېدى:

— ئوغلۇم، قايسىسىنى تاللىۋالىسەن؟

— ئاتىغانلىرىڭنى بوۋا.

— بۇ تۇلپارلارنىڭ ھەممىسى شامالدىن تېز يۈگۈرەيدۇ. سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ - ئاچقىچە

ئوتلار لاۋۇلداپ تۇرغان جەڭگاھلاردا، گۈللەرنىڭ
ھىدى بىلەن مەستخۇش بولغان قۇشلار
ماكانىغا ئىلىپ بارالايدۇ. ئەمما بۇ تۇلپار-
لارنىڭ بىرسى بۆيىرۇق بىرىلگەن ھامان
قوزغالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىگەر - جابدۇق-
لىرىغا بىر قامچىمۇ قوشۇلغان. يەنە بىرى
بۇيرۇق بىرىلگەن ھامان توختىمايدۇ، شۇڭا
ئۇنىڭغا يۈگەن سېلىنغان. ئۇچىنچىسىگە
قامچىمۇ، يۈگەنمۇ كەتمەيدۇ. قىنى، بۇلاردىن
بىردنى ئۆزۈڭ خالاپ تاللىۋال.

يىگىت بۇ تۇلپارلارنىڭ ئۈچىنچىسىنى
تاللىۋىدى، بوۋاي يەنە سورىدى:

— نىچۈن بۇنى تاللايسەن ئوغلۇم.

يىگىت جاۋاب بەردى:

— چۈنكى مەن قامچىمۇ، يۈگەنمۇ كەت-
مەيدىغان مانا مۇشۇنداق تۇلپارلارنىلا
ياقتۇرىمەن.

— تۇلپار دىگەن بەربىر يۈگەنسىز
مىنىلمەيدىغۇ؟

— مەن ئۇنداق قىلمايمەن، بوۋا.

بوۋاي يىگىتنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ
بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. ئاندىن:

— ئۇنداقتا سەن مەڭگۈ قەھرىمان
بولالمىغۇدەكسەن، خەير-خوش ئوغلۇم،
سەپىرىڭگە ئاق يول تىلەيمەن، — دىدى-
دە، غايىب بولدى.

يىگىت ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ يەنىلا ھېلىقى
قېرى توغراق ئاستىدا ياتقانلىقىنى كۆردى.
ئۇ چۈشىدە زاھىر بولغان ئىشلارنى ئويلاپ
ياتاتتى، تۇيۇقسىز يېقىنلا بىر يەردە بىر
تۇلپارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

## ئەجىر سىڭگەن نەرسىنىڭ قىممىتى

كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، قاچا-
قومۇچلارنى يىغىشتۇراي دەپ تۇراتتىم،
سارىخان موماي يىغلامسىرىغان ھالدا كىرىپ
كەلدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا بىرەر
ئىشتىن كۆڭلى رەنجىگەنلىكىنى پەملىدىم-
دە، نىمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم.
سارىخان موماي ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن
كۆز يېشىنى سۈرتكەچ گەپ باشلىدى:

— نىمە ئىش بولاتتى سىڭلىم، بۈگۈن
مەھەممەت يەنە قوشنىلارنىڭ باللىرى بىلەن
جىدەل قىلىپ ماڭا بىرمۇنچە ئىزا-ئاھا-
نەت تېپىپ بەردى. بىرتاللا بالا، ئۇنىڭ
ئۈستىگە دادىسى يوق دەپ ئۆزۈم يىمەي
يىگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىلسام،
شۇنداق لايىغەزەل بىر بالا بولدى. كوش-
لار: «ئانىسى باشلىمىغاننىڭ ئەمچىكى چوڭ،
ئاتىسى باشلىمىغاننىڭ پوردىقى» دەپ
بىكار ئېيتماپتىكەن، يا ئېتىز ئىشلىرىغا
قاراشمايدۇ، يا ئۆيدىكى ئىشلارغا قولىنى
ئەگرى قىلمايدۇ.

چاچلىرى تولۇق ئاقىرىپ تۇزلۇقباش
بولۇپ قالغان 50 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئايال
بىزنىڭ نىمىمىزنى يىقىپ بىرەتتى. ئۇنىڭ
ئوغلى بۇ يىل 15 ياشقا كىرگەن بولۇپ،
ئۇ ئانىسى ئېيتقاندەك، ھەقىقەتەن لايىغە-
زەل بىر بالا بولغانىدى. ھەر قېتىم نان
ياققاندا ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر - ئىككى گۆش
نان يىقىپ بىرەتتىم. يولدىشىمنىڭ كىيىم-
كېچەكلىرىنىڭ يەڭ - پۇچقاقلىرى قىيىلماس-
تىنلا ئۇنىڭغا بىرەتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىز-
نىڭ ئۆيگە كەلسىلا ئۈچ ياشلىق قىزىم
بىلەنمۇ ئويۇنچۇق تالىشىپ جىدەل قىلىپ
قولاق - مىيەمنى يەيتتى. مەن سارىخان
مومايىنى رەنجىنىشنى خالىماي:

— شۇنچە سۆزلىسەڭ بۇ بالىنى ئوقۇت-
مىدىڭلا، ئەمدى بىرەر ئۇستىغا شاگىرتلىققا
بەرسىلە ئوگىنىۋالسۇنمۇ قالار، — دىدىم.

— ۋاي بەرمەمدىغان، قوشنىمىز باۋات
ئاخۇنغا شاگىرتلىققا بىرىۋىدىم، ئىككى كۈن-
دە ئەسۋابلىرىنىڭ بىسىنى ئۇچۇرۇپ ئۇ
ئادەمنىڭ ئىمانىنى قىرىق گەز ئۇچۇرىۋەت-
تى. ساۋۇر ئاخۇن سوۋاقچىغا ئاپىرىپ

بېرئۆدىم، ھەپتە بارا - بارماستا ئۇ ئادەمنىڭ ئۈچ چىلىكىنى ئۈستەڭگە ئېقىتتۇەتتى.

مەن گەپ - سۆز قىلماي، ئىشىپ قالغان خېمىر پىلتىسىنى سوزۇپ بىر قاچا ئاش سېلىپ داستىخانغا قويدۇم. سارىخان موماي مىشلداپ ئولتۇرۇپ ئاشتىن ئازراق يېدى - دە، — ھازىرلا تاماق يەپتىكەنمەن، بۇنى بالىغا ئالغاچ باراي، — دېدى.

— يېسىلە، يەنە خېمىر بار، بالىغىمۇ يېتىدۇ، — دېدىم مەن.

سارىخان موماي بۇ گېپىمگە ئىشەنچ قىلالماي مەن يەنە خېمىر سوزۇشقا باشلىغاندىلا ئاندىن ئاشنى يېدى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ھېيت كۈنى مەن سارىخان موماينىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ باردىم. ھويلىغا كىرىشىمگە ئۇنىڭ ئوغلى سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ئالدىمدا پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئىككى سوم ھېيتلىق بېرئۆدىم، ئۇ قولىنىڭ كەينى بىلەن بۇرنىنى ئېيتقاچ، مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ئانىسىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

ئۆيگە كىردىم، سارىخان موماي داستىخان راسلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى مەن بەرگەن ھېيتلىقنىڭ خوشلۇقىدا تېخىچە پەگادا ماڭا قاراپ ھېجىيىپ تۇراتتى.

— مەھەممەتجان، بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدىم مەن.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ سوپا لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا زەڭ قويۇپ قارىدىم، سارىخان موماي ئۇنى مۇشۇ كوچىدىكى قول - ئىلكىدە بار باياشات ئائىلىلەرنىڭ باللىرىدىنمۇ ياخشىراق ياساپ قويغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوغلىغا ھەۋەسى كەلگەن بولسا كېرەك، بىر ماڭا، بىر ئوغلىغا قاراپ كۈلەتتى. ئاخىرى ئۇ ئوغلىنى ئىشقا بۇيرۇدى:

— بالام، ئاۋۇ چېلەكتىكى سۇنى داسقا قۇيۇپ قويىلارغا بېرئۆەتكىنە.

ئوغۇل قاپقىنى تۈردىيۇ، لېكىن ماڭا قاراپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ چېلەكنىڭ سۈيىنى داسقا قۇيماقچى بولۇۋىدى، سۇ يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى - دە، ئۇنىڭ چىرايلىق خۇرۇم بەتىنكىسىگە لاي يۇقۇپ قالدى. بالا بۇ ئىشتىن جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە چېلەكنى يەرگە قويۇپ شەپكىسى بىلەن ئايىغىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. بۇ ئىشنى كۆرگەن سارىخان موماينىڭ چىرايىدىكى بىر دەملىك خۇشاللىقمۇ ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، باش كىيىم بىلەنمۇ ئاياغنى سۈرتەمدىكەن؟ — دېدىم مەن بالىغا.

لېكىن ئەمدى ئۇنىڭ راستتىنلا جەھلى قاتقان بولۇپ، مېنىڭ گېپىمگە پەرۋاسىز ھالدا ئايىغىنى سۈرتۈۋەردى. سارىخان موماي بۇ ئىشقا بىردەم ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئېسىگە كېلىپ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— مەن ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنى تەييارلاپ بېرئۆدىم، ئايىغى چېنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاياغ جېدىلى قىلىپ تۇرىۋالدى. قوشنىمىز تۇرسۇنئاخۇن بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا: مەن بىلەن بىللە جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن ئەكىلىڭ، ئۇنى ساتسىڭىز پۇل بولىدۇ، ئاشۇ پۇلغا ئاياغ كېلىدۇ، دەپ ئۇنى جاڭگالغا ئېلىپ بېرىپ ئوتۇن ئەكەلگەن. ئاشۇ ئوتۇننى سېتىپ ئاياغنى ئېلىپ كىرىپتىكەن، — دېدى ۋە ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خېلىغىچە ئولتۇرۇپ قالدىم، ئاندىن سارىخان موماي‌غا قاراپ:

— بۇ بالا ئەسلىدە خېلى ئەقىللىق بالا ئىكەن، — دېدىم.

## تەخەي، موزاي ۋە بوۋاي

بوۋاي جاينامازدىن چۈشۈۋېتىپ بىر هازا يۆتىلىپ كەتتى. موميى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە شاپلاقلىغاچ هەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان بىر پىيالە چاي تۇتتى. بوۋاي ئۇنى هاسىراپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى - دە، ئېغىلغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئىككى باغ پىچاننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئېغىلغا كىرگەندە موزاي ئېشەكنى، تەخەي بولسا سىيىرنى ئېمىۋاتاتتى. بوۋاي بۇ ئىشقا هەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ، ئىلگىرى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىككى ئوغلاقنى بىر قوزىلىق قويغا ئەمدۈرۈپ باققانلىقىنى؛ ئوغلىمۇ، كېلىنىمۇ تاشلىۋەتكەن نەۋرىسىنى بولسا مانا مۇشۇ كالىنىڭ سۈتى بىلەن چوڭ قىلغانلىقىنى ئەسلىدى.

ئەمدى بۇلار نېمە سەۋەبتىن ئۆز ئانىلىرى يېنىدىلا تۇرسىمۇ ئالماشتۇرۇپ ئەمدىكىنە، بۇ قىزىقىشتىنمىدۇ ياكى...

بوۋاي خېلىدىن كېيىن گادىرماچ خىياللاردىن باش ئالدى. يەنىلا موزاي ئېشەكنى، تەخەي بولسا سىيىرنى ئېمىۋېتىپتۇ... هەي ئەمدى بۇلارنى نېمە دەپ ئاتىغۇلۇق؟...

هالال بىلەن هارامدىن ئاپىرىدە بولغان ئەمما ئەۋلادى بولمىغان هايۋانىنىغۇ كىشىلەر خېچىر دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمدى بۇلارنىچۇ...؟

بوۋاي ئويلىدى، ئەسلىدى، خىيال سۈردى. ئەمما بۇ سوئالغا مۇۋاپىق بىرەر جاۋاب تاپالماي كۆڭلى غەش بولدى...

ئۇ يەنە قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى ۋە بايام قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتكەن قومۇش پىچىنى ئۈستىدە دەرمانسىز هالدا ئولتۇرۇپ قالدى.

# روهىم شامىدىن تارالغان نۇرلار

### تەلئەت جېلىل كەنجى

* * *

شۈكرى مېنىڭ رىزقىمنى كېمەيتتى، ياشاش يولۇمنى تارايتتى، بەخت گۈلىمنى سولدۇردى، ئىرادە - ئېتىقادىمنى سۇلاشتۇردى، كۆزۈمنى خىرەلەشتۇردى. دېمەك، ئۇ مېنىڭ تەقدىرىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى.

* * *

مەن خۇدادىن بەخت تىلىگەنىدىم، خۇدا مېنىڭ تىلىكىمنى قوبۇل كۆردى. مەن تاقەتسىزلىك بىلەن خۇدادىن يەنە سورىدىم: ئى خۇدا، بۇ مەرهەمەتىڭگە قاچان ئېرىشتۇرىسەن.

— سەن باشقىلاردىن قاچان بالدۇرئويغىنالىساڭ مەن بەختىنى ساڭا شۇ كۈنىلا بېرىمەن، — دېدى خۇدا.

* * *

دۈشمەنلىرىم مېنىڭ گۈزەللىكىمنى، ئارتۇقچىلىقىمنى ئەمەس، مېنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىمنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك.

* * *

بىرسى ئالىمدىن: سەن بۇ شان - شۆهرەتلەرنى قانداق قولغا كەلتۈردۈڭ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئالىم ئۇنىڭغا: پەقەت ئۆزۈمنى بىلگەنلىكىمدىن، — دەپ جاۋاب بەردى.

* * *

مەن ئۆزۈمنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ، تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىم هەرگىزمۇ مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىم بولالمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى تونۇپ، چۈشىنىپ يەتكەنلىرى مېنىڭ هەقىقىي ئارتۇقچىلىقىم بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

* * *

كىشىلەر مېنىڭدىن هايات نېمە بىلەن گۈزەل دەپ سورىغان بولسا، مەن ئۇلارغا ئۆلۈم بىلەن دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

* * *

خۇدا: مەن بەندىلىرىم نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى بېرىمەن دېگەنىدى، بىر

مۆمىن خۇدادىن سورىدى:
— ئى خۇدا، سەن ماڭا نېمە بېرىسەن؟
خۇدا دېدى:
— مەن ساڭا ئاڭ ۋە زۇۋان بېرىمەن.

مۆمىن سورىدى:
— مەن ئۇنى نېمە قىلىمەن؟
خۇدا دېدى:
— ئۆزۈڭنىڭ ئىنسانلىقىنى يارىتىسەن.

# ئالجىشتىن خاتىرىلەر

**مۇھەممەت خېۋىر**

...كىشىلەرنىڭ قۇياشنىڭ چىققىنىنى كۆرىمىز دەپ ئېگىز چوققىلارغا چىقىۋېلىپ، دېڭىزغا قارايدىغان بىر مودېلىق ھەۋىسى بار ئىكەن.

قۇياش قەيەردىنلا چىقسا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ تاغدىن، چۆلدىن، نېرىقى ھويلىدىن چىقسىمۇ، غەربتىن، شىمالدىن، جەنۇبتىن چىقسىمۇ، چىقسىلا بولمىدىمۇ؟!

دېڭىزدىن چىققان قۇياش پاكىزە بولامدىكىن - يا؟!

ئۆز ھويلىسىدا كۆرگەن قۇياشلا ئەڭ يېقىملىق قۇياشتۇر. قۇياشتىن بۇرۇن ئويغانغانلار قۇياشنىڭ ئويغىنىشىنى كۆرەلەيدۇ.

* * *

مەن ئېسىمنى بىلسەملا «... شۇنداق قىلىپ ئۇلار مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ» دەپ تۈگەللىنىدىغان چۆچەكلەر بار ئىكەن. بۇنداق چۆچەكلەر ھېلىھەم بار.

مەن مۇراد - مەقسىتىمگە يېتەلمىدىم، لېكىن بۇ چۆچەكلەرنى مەنمۇ ئېيتىۋاتىمەن.

* * *

رىۋايەت: قاچانلاردىدۇر قىلغان بىر گۇناھى ئۈچۈن قۇشقاچنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىنغان، لېكىن بۇ كىشەن ناھايىتى تېزلا ئېلىپ تاشلانغان، بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار بولدى.

بىچارە قۇشقاچ ھازىرمۇ پۇتۇمدا كىشەن بار دەپ ئويلاپ سەكرەپ ماڭىدۇ، ئاتلىنيالمايدۇ.

* * *

مەن تىنىش بەلگىلىرى ئىچىدە پەشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ مەدەتكە ئوخشايدۇ.

مەن تىنىش بەلگىلىرى ئىچىدە سوئال بەلگىسىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ دەرمانسىز ئۈچۈن ھاسىغا ئوخشايدۇ.

مەن يەنە تىك چېكىتنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئۇ يېڭى بىر دۇنياغا ھامىلدار پېرسۇناژ.

مەن ئۇندەش، كۆپ چېكىتتىن ۋە چېكىتتىن بىزار.

ئۇندەش قان تېمىپ تۇرغان نەيزىگە، كۆپ چېكىت ۋەدىسى ئەلۋەك ساختا يارغا، چېكىت جەسەتكە ئوخشايدۇ.

ئىشقا چۈشۈڭلار پەشلىرىم، سوئاللىرىم، تىك چېكىتلىرىم!

* * *

ئەينەك بەكمۇ سۈزۈك نەرسە. ئۇنىڭدىن ئۆز سايىمىزنى كۆرەلەيمىز. ئەينەك ئىچىگە دۇنيا سىغىدۇ.

لېكىن ئۇ كىچىككىنە زەربىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ.

* * *

قەبرىستانلىقتىن ئۆتكەندە ئەرۋاھلارنىڭ روھى ئۈچۈن ئەمەس، تەقۋادارلىقتىن ئەمەس، قورقۇپ دۇئا ئوقۇيدىغان ئادەملەر بار.

كېچىدە يالغۇز يول يۈرۈشتىن سۈر بېسىپ، ناخشا ئېيتىدىغانلارمۇ بار.

ئىتتىن قورقۇپ نان تاشلاپ بېرىپ ئالدىدىن ئۆتۈۋالىدىغانلار بار.

* * *

ئادەم:
ئۆمىلىگەندە ھايۋان، ئۆرە بولغاندا ئادەمدۇر.

تەبەسسۇم قىلغاندا ھايۋان، قاپاق تۈرگەنـ
دە ئادەمدۇر.

* * *

ئېشەككە كۈچىمىز يەتمىدى، توقۇمىنى ئۇردۇق، ئېشەككەلەر خۇدنى بىلمەي ھاڭراشماقتا!

* * *

مېنىڭ جىسمىم ئېرىپ چۈشتى، سەن ئۇنى كۆرەلمىدىڭ، شۇڭا مەن بەختسىزمەن.
سەن ئېرىپ ئېقىپ كەتتىڭ، مېنىڭ ئۇنى كۆرگۈم كەلمىدى، شۇڭا سەن بەختسىزسەن.

* * *

مەستلەرگە مەستلىكى تارقالماسلىق نېسىپ بولغاي، مەستلىكى يېشىلسىلا بۇ دۇنيانىڭ تەسەۋۋۇردىكىدەك رەزىل ياكى گۈزەل ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالىدۇ.

* * *

خىيال بېكىتىدىن چىققان كارۋان خىيال بېكىتىدە توختايدۇ. ئۇنىڭ يۈكلەپ كەتكىنى لېۋىدىن گۈل تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان نارەسىدە ئىدى. يۈكلەپ كەلگىنى بولسا قاقشال، ناتىۋان، قانسىرىغان بوۋاي.

* * *

ھەرقانداق ھەقىقەت ئارقىغا قاراشتىنمۇ جۇغلانغان بولىدۇ. ئالدىغا قاراشتىنلا ئەمەس.

* * *

ئېنىقلىما:
شائىر — قاسساپتۇر. ئۇ ئۆزىنى سويىدۇ.
شائىر — ياراتقۇچىدۇر. ئۇ باشقىلارنىڭ دۇنياسىغا ئوخشىمايدىغان دۇنيا يارىتىدۇ.
شائىر — سەيياھتۇر. ئۇ ئۆز ئالىمىنى كېزىدۇ.
شائىر — دانكودۇر. لېكىن ئۇنىڭ ياندۇرۇپ، ئېگىز كۆتىرىپ تۇرغىنى يۈرىكىلا ئەمەس، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدۇر.

## ھايات ھەقىقەتلىرى

* شەكىللىنىپ بولغان پاكىتنى قوبۇل قىلىش ئۇنىڭ كەينىدىن يۈز بېرىدىغان ھەرقانداق بەختسىزلىكنى يېڭىشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

— ۋىلىيام جېمس

* سىزنى ھەممىدىن بەك كۆڭۈل ئازادلىكى ۋە خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلار: مۇكەممەل ئېتىقاد، ئۇيقۇ، مۇزىكا ۋە شاد - خۇراملىق.

— دالى كارنېگ

* ھازىرقى زامان شەھەرلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، كۆڭلىنى تىنچ تۇتالىغان ئادەملا نېرۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولمايدۇ.

— ئالېكسىس كوررېل

* ئارام ئالالىغاندىن كېيىنمۇ خالىي بولغىلى بولمايدىغان ھېرىپ - چارچاشنى قىيىن خىزمەت كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ... بەلكى غەم - قايغۇ، جىددىيلىك ۋە كەيپىيات جەھەتتىكى خاتىرجەمسىزلىكتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

— مېتروپولىتان ئىستراخۇۋانىيە شىركىتى

* ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئاددىي كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.

— گالىلېي


* غەم - قايغۇغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىگەن كىشىنىڭ ئۆمرى كۆتە.

— ئالېكسىس كوررېل

* كىمدە كىم كۆڭلۈم ئارامخۇدا ئۆتسۇن دېسە، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن پەرىشان بولۇپ يۈرمەسلىكى كېرەك.

— دالى كارنېگ

توپلىغۇچى: ھەبىبۇللا روزى




— بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى توغرىسىدا

ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن

1992 – يىل نويابىرنىڭ باشلىرى، ئۈرۈمچىدە لەپىلدەپ قار يېغىپ ئاللىقاچان قىش كىرىپ قالغان بولسىمۇ، پايتەختىمىز بېيجىڭ تېخى ئالتۇن كۈز مەۋسۇمىدە ئىدى، دەل – دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تېخى تۆكۈلمىگەنىدى. جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، ئاپتونوم رايوننىڭ سەنئەتچىلىرىدىن بولۇپ 300دىن ئارتۇق كىشى قوينى ئىللىق بۇ شەھەرگە جەم بولدى. تەبىئەتمۇ ئەزىز مېھمانلارنى ئۆزىنىڭ سېخىي، ئىللىق چىرايى بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى.

## مۇقام— بىباھا گۆھەر

مۇقامنىڭ لەرزان، يېقىملىق كۈيى بارا– بارا ئەۋجگە كۆتۈرۈلۈپ، چوڭ نەغمە، داستان، ئارقىدىن مەشرەپ باشلاندى. قىز – يىگىتلەر ناخشا – سازغا جۆر بولۇپ، بەس – بەستە ئۇسسۇلغا چۈشتى. پايتەختتىكى «خەلق» سارىيى، بېيجىڭ مۇزىكا زالى، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا – ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ زالى قاتارلىق ئورۇنلاردا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى ۋە شىنجاڭ سىمفونىيە ئوركېستىرىدىكى سەنئەتچىلەر ئورۇندىغان مۇقام نومۇرلىرى ياڭراشقا باشلىدى. ئويۇن قويۇلۇۋاتقاندا بۇ ئورۇنلارغا جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك تاماشىبىنلار بەلدەك ئېقىشقا باشلىدى...

جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى 16 – نويابىر ئەتىگەندە «خەلق» سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا باشلانغاندىن كېيىن، ئون مىنۇت



(1993 – يىل 1 – سان، ئومۇمىي 14 – سان)

ئەتراپىدا مۇقامدىن پارچىلار كۆرسىتىلدى. ئويۇننى مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. شۇكۈنى كەچتە «خەلق» سارىيىنىڭ كىچىك زالىدا ئۇنىۋېرسال مۇقام سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەد ۋە مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى ھەم 90 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى سەنئەت كېچىلىكىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. زالدىكى 1000 كىشىلىكتىن ئارتۇق ئورۇن دۆلىتىمىزدە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ۋە پايتەختتىكى تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولدى. ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى، غەربىي ئاسىيا، ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، مۇقام نومۇرلىرىنى كۆردى.

سەنئەت كېچىلىكىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭ سىمفونىيە ئوركېستىرى مۇقام سىمفونىيىسىنى ئورۇندىدى، ئالدى بىلەن ئۇششاق مۇقامىدىن ئېلىنغان «ئۇششاق مۇقامىنىڭ يۈرۈشلەشكەن كۈيلىرى» ئورۇندالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇزىكىسىنى ئاتاقلىق كومپوزىتور جۇجى ئىشلىگەن، ئابدۇراخمان ئايۇپ دىرىژورلۇق قىلغان «ناۋا» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىنتايىن رىتىملىق، نەپىس ئورۇندالدى.

سەنئەت كېچىلىكىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى «چەبىيات» مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمىسىنى ئورۇندىدى. ئاتاقلىق ناخشىچى رىسالەت ھاپىز، تۇرنىسا سالاھىددىن، غاپپار ئەخمەت، ئوسمان ئەمەت قاتارلىقلار ئېيتقان ناخشىلار ئاڭلىغانىېرى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەتتى.

بۇ قېتىمقى سەنئەت كېچىلىكى شەكىلنىڭ يېڭىلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى، مىللىي پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئويۇن ئارىلىقىدا 15 مىنۇت دەم ئېلىش ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ۋاقىت توشا-توشماي ھەممەيلەن ئورۇنلىرىغا كېلىپ، ئويۇننىڭ داۋامىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى.

«12 مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوڭ ھەجىملىك كلاسسىك مۇزىكىسى بولۇپ، 12 يۈرۈش مۇقام مۇزىكىسى، 365 ئاھاڭ، 2500 مىسراغا يېقىن شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىر قېتىم تولۇق ئورۇنداشقا 24 سائەت كېتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەتچىلىرى پايتەختكە كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ «12مۇقام»نىڭ «چەبىيات» قىسمىنىلا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ «خەلق» سارىيى، بېيجىڭ مۇزىكا زالى، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ زالىدا ۋە پايتەخت پولات-تۆمۈر شىركىتىدە توققۇز مەيدان كۆرسەتتى، ئويۇن قىزغىن ئالقىش سادالىرىغا كۆمۈلۈپ تۇردى. سىمفونىيە ئورۇندالغان تۇنجى كۈنى 30 دىن كۆپرەك تيەنجىنلىك خەيخې دەرياسى بويىدىن ئاپتوبۇس بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ، سىمفونىيىنى ئاڭلىدى ۋە كېچىلەپ تيەنجىنگە قايتتى. ئۇلار خۇشاللىق بىلەن: «شىنجاڭدا مۇشۇنداق سىمفونىيىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمىز، سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەن» دېيىشتى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ دائىمىي

ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى گاۋ جەنشىياڭ ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن تەسىرلىنىپ: «12 مۇقامدىن ئىبارەت بايلىقنى ئۈزۈلدۈرمەي سەھنىگە ئېلىپ چىقىش دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ. ئويۇنچىلار ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولدى، يەنىمۇ تىرىشىڭلار» دېدى.

ئۇيغۇر «12 مۇقام»نى كۆرگەن چەتئەللىك تاماشىبىنلار بەكمۇ ھاياجانلىنىپ، ئۈزۈلدۈرمەي چاۋاك چېلىپ تۇردى. پاكىستانلىق بىر دىپلوماتىيە ئەمەلدارى: «مەن بۇرۇنلا مۇقامنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، بىر كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدىم. بۇ قېتىم كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلاندىم» دېدى. كورىيىدىن كەلگەن چۇەن ئەپەندى مۇقامنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇزىكىسى، ئۇسسۇلى ئۆزىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇقام نومۇرلىرىنى بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن سىنئالغۇسىغا ئېلىۋالدى. چۇەن ئەپەندى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «12 مۇقام»نىڭ كورىيە مۇزىكىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى سۆزلەپ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى كۆپچىلىككە قويۇپ بەردى.

«چەبىيات» مۇقامى مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى زالىدا كۆرسىتىلگەندە شىنجاڭلىق كادىرلار، ئوقۇغۇچىلار، كەسپداشلار ئىنتايىن قىزىقىپ كۆردى. ئورۇن يېتىشمىگەندە ئۆرە تۇرۇپ كۆردى. ئىسمائىل ئەھمەد چاۋاك چېلىپ ئالقىش ياڭراتقاندا، تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ گۈلدىراس ئالقىش ياڭرىتىپ، ئويۇننى مەدھىيىلىدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا بىر نەچچە قىز ئوقۇغۇچى سەھنىگە چىقىپ ئارتىستلارغا گۈل تەقدىم قىلدى. «خەلق گېزىتى»، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رەسىملىك ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى، شىنجاڭدىن بارغان ئاخبارات مۇخبىرلىرى مۇقام پائالىيىتىنى زىيارەت قىلىپ تونۇشتۇردى. سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىلىۋاتقاندا مۇخبىرلارنىڭ سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىدىن چاقنىغان چاقماق چىراغىنىڭ نۇرلىرى سەھنىنى بەس-بەستە يورۇتۇۋەتتى. ئويۇن قويۇلغان بىر نەچچە كۈندە مۇقام نومۇرلىرى پايتەخت سەھنىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەد، قېيۇم باۋۇدۇن قاتارلىق كىشىلەر ئويۇننى باشتىن - ئاخىر كۆردى ۋە ئويۇن ئاياغلاشقاندا سەھنىگە چىقىپ، ئارتىستلارنى قوبۇل قىلىپ، ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

## مۇھاكىمە ۋە ئىزدىنىش

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئالتە ئورۇن ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، كورىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەندىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىن بارغان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى، جۇڭگو مۇزىكا ئىنستىتۇتى، شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلار مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ئەۋەتىپ، مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىۈەنجاڭى سەيپىدىن ئەزىزى مۇھاكىمە يىغىنىدا مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلىپ، مۇقام تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق

دېدى: «بۇ قېتىمقى جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇقەررەر خاتىرە قالدۇرىدۇ. مۇقام — ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى گۆھەرلەرنىڭ بىرى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، مۇقام مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلىدىغان تېمىغا ئايلاندى. ھەم مۇشۇ ئاساستا يېڭى بىر خىل ئىلىم - مۇقامشۇناسلىق ئىلمى شەكىللەندى.»

قېيۇم باۋۇدۇن تۆمۈر داۋامەتنىڭ يىغىنغا ئەۋەتكەن يازما نۇتقىنى ئوقۇپ ئۆتتى. يازما نۇتۇقتا ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن: «ئازادلىقتىن كېيىن، ‹12 مۇقام› يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. ‹12 مۇقام› نى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولدى. ئون يۇرۇش مۇقام مۇزىكىسى يېڭىباشتىن نوتىغا ئېلىندى، بارلىق ناخشا تېكىستلىرى رەتلەپ چىقىلدى. ‹ناۋا مۇقامى›، ‹پەنجىگاھ مۇقامى›، ‹چەببيات› مۇقامى قاتارلىق 12 يۇرۇش مۇقام قوتىلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەپ تارقىتىلدى. نۆۋەتتە مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، ئىران، كورىيە ھەم تەيۋەن، شياڭگاڭلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى ئورتاق تەتقىق قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن مۇقام خەلقئارادا كەڭ ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئۇيغۇر مۇقامى خەلقئارا مۇنبەرگە، خەلقئارالىق چوڭ سەھنىگە چىقتى.»

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قىزغىن، جۇشقۇن كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى. فېڭ داجېن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، مۇھەممەت زۇنۇن، قېيۇم تۇردى، ليۇ زىشياۋ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ۋەن تۇڭشۇ، جەمىلە قادىر قاتارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، چەت ئەلدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن مۇقامشۇناسلار مۇقامنىڭ پەيدا بولۇشى، شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، تارىخى، مۇقامنىڭ سەنئەت، مۇزىكا قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، نامى، بەدىئىي تىلى قاتارلىق تەرەپلەردىن تارىخىي يوسۇندا، ئەتراپلىق ئىزدەندى. مۇقامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە كۆپلىگەن ئالىملار ئىلمىيلىكى كۈچلۈك يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: «ئۇيغۇر مۇقامى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، يېڭىلانغان، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. مۇقام رەسمىي شەكىللەنگەندىن كېيىن زور دەرىجىدە تۇراقلاشتى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا كورىيىگىچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.» ئالىملار سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، مۇقام مۇزىكىسى، سەنئىتى، مۇقامنىڭ نامى، مەشرەپ قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ سۈپىتى ئىلگىرىكى يىغىنلاردىكىدىن خېلىلا ئۈستۈن بولدى، ئوقۇلغان 32 پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر

يۇقىرى بولدى، ئۇلاردا بىر مۇنچە يېڭى ماتېرىيال، يېڭى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## كۆرگەزمىدىكى يارقىن ئوبراز

16 ـ نويابىردىن تارتىپ، مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىنىڭ كۆرگەزمە زالى ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كۆرگەزمە ماتېرىياللىرى بىلەن بېزىلىپ، باشقىچە تۈسكە كىردى. شىنجاڭدىن كەلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ توختىماي ياڭراتقان ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى كىشىگە ھېيتگاھتىكى نەغمە ـ ناۋانى ئەسلىتىپ، كۆرگەزمە زالىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. كۆرگەزمىنى كۆرۈشكە كەلگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇقامشۇناسلار مەكىت ۋە پىچان ناھىيىسىدىن كەلگەن خەلق سەنئەتچىلىرى ياڭراتقان ناغرا ـ سۇناي ئاۋازىغا، مۇقام مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى.

كۆرگەزمە زالىنىڭ مەركىزىگە شائىرە، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ئامانىساخان ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا، مەھەممەت مۆللىلارنىڭ چوڭايتىلغان سىزما سۈرەتلىرى ھەم غازى ئەمەت سىزغان «مۇقام» ناملىق رەسىم قويۇلغانىدى. بۇ يارقىن ئوبرازلار ئېكسكۇرسىيەچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

ئۇيغۇر «12 مۇقام» نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ئەمەلىيىتىنى نامايان قىلىش مەقسىتىدە ئېچىلغان بۇ كۆرگەزمىدە پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ «12 مۇقام» نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇنى قوللىغانلىقى، مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ پائالىيەتلىرى، مۇقامنىڭ سەھنىلەردە ئوينىلىشى، دۇنياغا يۈزلىنىشى سۈرەتلەر ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامىغا دائىر پائالىيەت كۆرگەزمىسى 40 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق كۆرگەزمە. شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى بۇ كۆرگەزمىنى تەييارلاشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەتراپلىق ئىزدەندى. ئۇلار مۇقام يۇرتلىرىنى كېزىپ، 10 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈپ، كۆرگەزمىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلىدى. كۆرگەزمىگە «12 مۇقام»غا دائىر 183 پارچە رەڭلىك، رەڭسىز سۈرەت، 25 دانە ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابى، 55 قۇر قەدىمكى كىيىم ـ كېچەك ۋە سەھنە كىيىملىرى، 61 سىنئالغۇ، 105 ئۈنئالغۇ لېنتىسى، 94 پارچە كىتاب ۋە يازما ماتېرىيال قويۇلدى. سۈرەت، چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆرگەزمە قىلىش ئارقىلىق، قەشقەر، دولان مۇقامى، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى مۇقامى قاتارلىق مۇقاملارنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب بويىچە ئوبرازلىق، تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى. چەت ئەللىك مېھمانلار كۆرگەزمىدىكى سۈرەتلەر بولۇپمۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى قىزىقىپ كۆرۈپ، بەكمۇ زوقلاندى. كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ۋە ئۇنىڭدا قىزىقتۇرۇلغان مەشرەپ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇزۇنغىچە كەتمىدى.





## ھېكمەتلەر

* ماختىماقچى بولساڭ، سېخىينى ماختا! ھەممە تىل سېخىينى ماختايدۇ. سېخىيلىق ھەممە ئەيىبنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ. ئېگىلمەس كۆڭۈلنى سېخىي ئادەم ئېگىدۇ. يەتكىلى بولمايدىغان مۇرادقا سېخىي ئادەم يېتىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى

* مەردلىكنىڭ ئاساسى ئۈچ نەرسىدۇر: بىرى، سېخىيلىق. يەنى بىر ئىشقا كىرىشسەڭ ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشىڭ لازىم، بىر گەپنى قىلساڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن؛ يەنە بىرى، ساداقەتلىك — توغرىلىقتۇر. ھەر قانداق شارائىتتا توغرا — راست سۆزدىن باشقىنى سۆزلىمىگەيسەن؛ يەنە بىرى، ھەر قانداق ئىشتا سەۋرچان، بەرداشلىق، ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرگۈچى بولۇشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەر قانداق سۈپەت — سېنىڭ قەلبىڭگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۈچ سۈپەتتىن كېلىدۇ.

— شەمسۇلمەئالىي قابۇس

* تۆت نەرسە، يەنى بەدپېئىللىق، قوپاللىق، تەكەببۇرلۇق ۋە زوراۋانلىق كىشىگە خارۇ - زارلىق كەلتۈرىدۇ.

— جەئفەر سادىق

* پالاكەتكە دۇچار بولۇشنى خالىمىساڭ، مەغرۇر ۋە تەكەببۇر بولما!

— سەئىد ئەلى

* بىر دانىشمەننىڭ شاگىرتى ئۇستازىدىن:

— ئاتا - ئانام ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلسام ئۇلارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلغان بولىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتا - ئاناڭنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇندا، ئۇلارنىڭ ئەل - ئاغىنە، دوستلىرىنى ھۆرمەت قىل، ئاكا - ئۇكا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنى سۆي، قولۇڭدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ياردەم قىل، ئۆزەڭ قائىدە - يوسۇن، ئەدەب دائىرىسىدىن چەتنىمە! — دېدى دانىشمەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇتەللىپ پالتاجى



## چەت ئەل خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

ئالدىدا ماختىما، كەينىدىن داتلىما.
ئىش قىلمىغان خاتالاشمايدۇ.
ھەقىقەت ئۆزىنى ئۆزى ئاقلىۋالىدۇ.
چىداپ - چىداپ تاشمۇ بىر كۈن يېرىلار.
ھاراق بىلەن دوستلاشتىڭ،
ئەقىل بىلەن خوشلاشتىڭ.
ئاچچىقتىن قېرىيسەن، كۈلكىدىن ياشىرىسەن.
ساغلام بەدەن، ئازاد ئەقىل، ئادىل نىيەت — ئۈچى بىلەن بەختلىكتۇر ئۆمۈر ئەبەد.

— رۇس

پۇختا گەپ — ئالتۇن مىق.

— ئۇكرائىن

ئادەمنىڭ تىزگىنى — ئەقلى.
ئابرويۇڭ — سۆلىتىڭ،
ئەمگىكىڭ — دۆلىتىڭ.
ئادىل سۆز — ئەقىل تارازىسى.
ئاتىلارنىڭ سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى.

— ئۆزبېك

خاپىغان باشتا ئەقىل تۇرمايدۇ.
دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى — سېنىڭ دوستۇڭ.
ئەقىللىق دۈشمىنىڭدىن قورقما،
يارىماس دوستۇڭدىن قورق.
يېتىلگەن باتۇردىن قىرىق يىلدا بىرسى چىقار.
ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغان — توغرا نىيەت، ئادىللىق.
جىلخور ئەك ئاۋۋال قېرىيدۇ.

— ئەزەربەيجان

ئەر ئەلگە ئەمگىكى بىلەن تونۇلار.

— مولداۋان

ئەل نادان بولسا توڭگۇز ئۈستىگە چىقار.
پىخسىقنىڭ ئۆيى — جەھەننەم.
ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەن — دانىشمەن.
ئاناڭ ئۆگەي بولسا،
ئاتاڭ ئۆزۈڭنىڭ بولماس.

— تۈركمەن

دوست يىغلىتىپ ئۆگىتەر،
دۈشمەن كۈلدۈرۈپ ئۆگىتەر.
خۇشاللىق كەلسە، ھودۇقما،
ھەسرەت كەلسە، چۆچۈمە.

— باشقىرت

ئۇستازىڭ — ئىككىنچى ئاتاڭ.
گۇناھكار — كۆزىدىن بەلگىلىك.

— موردىۋا

بۆرە قەرزىنى تېرىسى بىلەن تۆلەر.
ئاقىلنىڭ ئەقلى قىسقارسا،
ئاغزىدىكى گېپى كۆپىيەر.
ھەق ئۆلۈم — ئابروي.

— ئوسېتىن

ئۇستاڭنىڭ ئالدىدا قولۇڭنى يىغ،
ئۇستازىڭنىڭ ئالدىدا تىلىڭنى يىغ.
يىگىت سۆيسە ئالار،
قىز سۆيسە قۇرۇق قالار.
كۆرۈپ يۈرگەن چىرايلىقنى ئالغىچە،
كۆرۈپ بىلگەن سەتنى ئال.
قېرى بوياقتىن ئەقىل سورىما.
ئادەمنىڭ مېۋىسى — پەرزەند.
ھايات ھەممىنى ئۆگىتەر،
ئۆگەنمىسەڭ، تۆگىتەر.
ھاراق ئېغىزغا چۈشۈپ بولۇپ كىرىپ،
ئەجدىھا بولۇپ چىقىدۇ.
چەكچەيگەن كۆزدە ئەقىل كەم.
ساقال ئۆچكىدىمۇ بار،
بۇرۇت مۈشۈكتىمۇ بار.
ئۇيقۇسى ئۇزۇننىڭ بەختى قىسقا.
خەقنىڭ ئەيىبىنى ئاچقاننىڭ ئۆز ئابرويى تۆكۈلەر.
نومۇس قىلمىغان ئادەم ئۈچۈن ئۇياتچاننىڭ يۈزى قىزىرار.
خەلقتىن ئۇيال،
خۇدادىن قورق.
خەيىرلىك ئىشنى تېزلەتمىسەڭ، شەيتان ئارىلار.

ئىشلىمەيدىغان كىشىدىن،
تۇخۇم تۇغقان توخۇ ئارتۇق.
پۇلۇڭ تۈگىمەي ئەقىل كىرمەس.
جەننەت — زۇلۇم يوق يەردە.
ھۆركىرەپ كەلگەن دۈشمەندىن، ھىجىيىپ
كەلگەن دۈشمەن يامان.
ئۇمىدسىزگە ھايات — تۇرمە.
قول ئۈچۈن باش جاۋابكار.
ئاچچىقلانمايدىغان ئادەم قېرىماس.
ئەر ئاۋۋال جاپا كۆرمەي،
كېيىن ۋاپا كۆرمەس.
ئۆتكەنگە كۆزى يەتكەننىڭ، كېلەچەككىمۇ
كۆزى يېتەر.
شەيتانغا كېرەك بولسا، قۇرئاندىن دەلىل
كەلتۈرەر.
ئىشانغا قول بەرگەن،
شەيتانغا قول بەرگەن.

— تاتار

پىتنە زەھەردىنمۇ بەتتەر.
خۇشامەتچى كۆپەيسە،
تۈگەشكەننىڭ بەلگىسى.

— تۇۋا

خەقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىلگەن ئېغىر -
بېسىق بولار.
قېرى كەلسە، ئەقلىنىڭ قوشۇلغىنى،
ياش كەلسە، باتۇرنىڭ قوشۇلغىنى.
ئەقلىدىن ئالجىغان ھەقىقەتنى تونۇماس.
ئەپقاچتى گەپنە يۈگەن بولماس.
ئۆچمەنلىك ئەۋج ئالغان يەردە جىم يۈر-
گەن ئەۋزەل.

— موڭغۇل

قاتتىق كۈلگەن قاتتىق يىغلار.
ئۇستازىنى ھۆرمەتلىگەن ئۇستاز بولار.

— ۋيېتنام

ھاياتنىڭ تاتلىقلىقىنى ئۆلەر ۋاقتىڭدا
بىلەرسەن.

سۆزلەش زۆرۈر بولغاندا ئۈندىمەي ئولتۇ-
رۇش — قىلمىشلىق جىنايەت.

— نېمىس

تىڭشىمايدىغان دەرەخ غولىماي قالماس.

— چاۋشيەن

ئاقچىنىڭ قىممىتىنى ئاغىنەڭدىن ئۆتنە
ئالغاندا بىلەرسەن.
تېز ئۆرلىگەن تېز غۇلار.
كۆڭگە بىر ئالما يېسەڭ، تېۋىپ ئىزدە-
مەيسەن.
جان دوستنى قانداق ئىزدىسەڭ،
يازغۇچىنىمۇ شۇنداق تاللا.

— ئىنگلىز

ئەيىبلىگۈچىنىڭ ياش، ئاقلىغۇچىنىڭ قېرى
بولغىنى ياخشى.
قەرزدىن قۇتۇلغان باي بولۇر.

— فرانسۇز

قانۇنى ئاجىز ئەلدىن ئاھۇ - زار تۈگىمەس.
زالىمنىڭ غەلىبىسى ئۇزۇنغا بارماس.
خاتالىشىپ كۆرمىگەن — ھەقىقەتنى
بىلمىگەن.

— فىن

ئېچىرقىغان نېمە يېمەيدۇ،
ئېچىغان نېمە دېمەيدۇ.

— بېنگال

ھاراق ئىچكەن سىرىنى يوشۇرماس.
مەردلىك — يىلىندۇرماي بەرگەنلىك.

— پارس

ئۇخلىغاننىڭ نېسىۋىسىنى ئۇخلىمىغان
يەيدۇ.

— ھىندونېزىيە

ئادەمنى ئادەم قىلىدىغان ئەقلى.

— ماداگاسكار

دېھقان بېيىماي، ئەل بېيىماس.

— تامىل

سەۋر — ئاكىلىق ئادەمنىڭ ئىستىھكامى.

— تات

ئويناقلىغان ئايالغا،
يىغلىغان ئەرگە ئىشەنمە.
كەمچىلىكىڭنى ئېيتقان — غەمخورۇڭ،
كۆچۈكلەنگەن — دۈشمىنىڭ.

— تەلۈگۈ

ئۇلۇغ ئادەمنىڭ ئاغزىمۇ لۇغەت.

بىكارغا كەلگەن تېز تۈگەر.
ئامالسىزلىقتىن ئەخمەققىمۇ خۇشامەت قىلىدىغان چاغ بولىدۇ

— ھىندى

قازاقچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەت

## ھېكمەتلەر

* ئەجەبلەنمەك كۆپىنچە نادانلىقتىن بولىدۇ.

* ئاۋام ئۆزىنىڭ بىلمىگەن نەرسىسىنى يا مۇقەددەس دەپ بىلىدۇ، يا كۇپۇرلۇق دەپ بىلىدۇ.

* يامان ئىشلار يا بەك ئاچلاردىن ۋە ياكى بەك توقلاردىن كېلىدۇ.

* بۇزۇقلۇقنى تۇغدىغان «ئانا» — ھورۇنلۇقتۇر.

* ئادەملەرنىڭ ئەڭ زەبۇنى—ئۆز سىرىنى ساقلىيالمايدىغانلاردۇر، ئەڭ كۈچلۈكى — ئاچچىقىنى يەڭگۈچىلەردۇر، ئەڭ ياخشىسى — ئۆزىنىڭ مۇھتاجلىقىنى يوشۇرغۇچىلاردۇر.

* دوست بولساڭ ئوتتۇراھال بولغىن، ئېھتىمال بىر كۈن كېلۇر دوستۇڭ دۈشمەن بولۇر. كىشىلەرگە غەزەپ قىلساڭمۇ ئۆزۈڭنى تۇتقىن، ئېھتىمال شۇ ئادەم بىر كۈنى دوستۇڭ بولۇر.

توپلىغۇچى: نىزامىددىن ھۈسەيىن

## ھېكمەتلەر

### مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى

△ قايسى ئەلدە گەپ تولا بولسا، بەرىكەت ئاز، قايسى ئەلدە ئىش تولا بولسا بەرىكەت ساز بولۇر.

△ زۇلۇمنى كۆپ قىلغۇچى دۆلىتىدىن ئايرىلۇر، سۆزنى كۆپ قىلغۇچى ئىززىتىدىن ئايرىلۇر.

△ ئۇستازىنى ھۆرمەت قىلغان كىشى ئەزىزلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ.

△ يامانغا ياخشىلىق قىلىش ئۆز يولىغا ئورا قازغانلىقتۇر.

△ ئامانلىقنى ئىزدىسەڭ، خەلقى ئالەمگە كۆپرەك ياخشىلىق قىل.

△ يالغانچى لەنەت ۋە كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

△ پىتنىخورلۇق ناھەق قان تۆكۈشتىنمۇ يامان.

△ ئالدى بىلەن ئۆز نەپسىڭنى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئاخىرى ئۇ سېنى ئۆلتۈرىدۇ.

△ پادىشاھ ئادىل بولسا، شەھىرىگە نېمەت ياغار، پادىشاھ زالىم بولسا، شەھىرىگە لەنەت ياغار.


△ نادانىنىڭ سۆھبىتىدىن زىنداننىڭ ئازابى ياخشىراق.

△ ئۆز قەدرىنى بىلگەن كىشى ھېچقاچان خار بولمايدۇ.

△ كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۇنۇت، لېكىن ئۆز ئەيىبىڭگە دائىما كۆز - قۇلاق بولغىن.


△ كىمكى ئۆز نەپسىگە زالىم بولسا، ئۇ ئالىم بولىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەر ھامىدى



هۆسنخەتلەرنى ئىبراھىم مۇھەممەت يازغان

گۈزەللىك كۈيى (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان



《新疆文化》 综合性文学双月刊
（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال) 1993 - يىل 1 - سان

编辑：《新疆文化》编辑部・出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆・印刷：新疆新华印刷三厂・发行：乌鲁木齐市邮局・订阅：各地邮局（所）・

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى.
ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى.
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى
شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى
پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65- 1073/1
本刊代号：58 – 22 定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1
ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى: 0.50 يۈەن